11 / 1997



# شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى



← قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەييارلىق سوراق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1-دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئارزۇگۈل ئابدۇرېھىم ج خ سېپىدە خىزمەت قىلغان 15 يىلدا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق، بىرمۇ يامان ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنى جانلىق ئىشلەپ، ج خ باشقارمىسى، ج خ ئىدارىسى، ج خ نازارىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ، «3- دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دەپ ئەنگە ئېلىندى.

ئەكبەر ئىسھاق خەۋىرى، فوتوسى



← تېكەس ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتچىسى رىزۋان يۈسۈپ خىزمەتكە قاتناشقان 33 يىلدىن بۇيان پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېلولارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، دېلو بېجىرىشنىڭ توغرا بولۇش نىسبىتىنى 100% كە يەتكۈزدى. ئۇ بۇ جەرياندا باشقىلار بەرگەن 3000 يۈەن نەق پۇل، بىر كالا، ئۈچ تۇياق قوي، 20 كىلو سۈمبىي قاتارلىق سوۋغاتلارنى قايتۇرۇۋەتتى ۋە 30 قېتىمدىن ئارتۇق مېھماندارچىلىقنى رەت قىلدى. ئۇ كۆپ قېتىم مەھكىمە، ناھىيە تەرىپىدىن «ئىلغار سوتچى»، «8-مارت قىزىل بايراقدارى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

غەيرەت ئابدۇرېشىت خەۋىرى، فوتوسى



↓ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1- دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى سەمەت ئىمىن خىزمەتكە قاتناشقان 35 يىلدىن بۇيان بارلىقنى مەكتەپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بېغىشلاپ، جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئۇ مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن كۆپ قېتىم ئوچۇق دەرس ئۆتۈپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارغا ئۈلگە بولدى. شۇڭا ئۇ كۆپ قېتىم ناھىيە، يېزا، مەكتەپ تەرىپىدىن «ئىلغار سىنىپ تەربىيىچىسى»، «مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرى» دېگەن ناملارغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى ۋە بۇ يىل مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالاندى.

ھاپىزجان مۇھەممەت خەۋىرى، فوتوسى

↑ كۇچا ناھىيىلىك مەمۇرىي تەپتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت مۇھەممەت مالىيە ئىشلىرىغا خىلاپ دېلولارنى تەپتىش قىلىشتا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېلولارنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ئىزچىل كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس»، «ئىلغار مەمۇرىي تەپتىش خادىمى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

تۇردى تاھىر خەۋىرى، فوتوسى



# مۇندەرىجە

## مۇھىم ھۆججەت، مۇھىم ئىشلار


جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتىيىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى» توغرىسىدىكى قارارى ...................... 2

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ...................... 2


## 15- قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى


دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى ...................... 22

- پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ماتېرىيالى بىرىنچى لېكسىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك يۈزلەندۈرۈشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى ...................... 22

ئىككىنچى لېكسىيە 20- ئەسىردە جۇڭگو دۇچ كەلگەن ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ...................... 31

ئۈچىنچى لېكسىيە ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى قەدەم تاشلاش ...................... 36

تۆتىنچى لېكسىيە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش ...................... 41

بەشىنچى لېكسىيە ئېلىمىز تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچنى تولۇق تونۇش كېرەك ...................... 50

ئالتىنچى لېكسىيە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسى ...................... 59



سىياسىي، نەزەرىيە ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال.

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

«شىنجاڭ ئاۋانگارتلىرى» ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN 65-1002 /Z

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2-قورۇ






**1997 . 11**

(ئايلىق ژۇرنال)

(ئومۇمىي 406 - سان)

ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدۇ.

* * *

**باش مۇھەررىر:**
غاپپار نىياز

* * *

**مۇھەررىرلەر:**
ئەركىن ئىمىن
قۇدرەت مجىت
زۇلپىيە موللاخۇن
ئارزۇگۈل تۇرسۇن

**تەكلىپ قىلىنغان مۇھەررىر:**
قادىر داۋۇت

* * *

**نۆۋەتچى مۇھەررىر:**
ئارزۇگۈل تۇرسۇن

* * *

**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:**
ئابدۇسالام ئابدۇراخمان

تېلېفون: باش ئاپپارات 2817524، 2817532 ئارقىلىق 21829، 21698، 21879

ھەر ئاينىڭ 10 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى» توغرىسىدىكى قارارى

**(1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ماقۇللانغان)**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتىيى 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسى»نى قاراپ چىقتى ھەم بىردەك ماقۇللىدى. بۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىنىڭ ماقۇللانغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە بولۇشىنى قارار قىلىدۇ.

قۇرۇلتايدا مۇنداق دەپ ھېسابلاندى: پارتىيە نىزامنامىسىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىدۇ. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كاپالەتلىك قىلىشتا زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى

**(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتىيىدا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، 1997- يىل 9- ئاينىڭ 18- كۈنى ماقۇللاندى)**

## ئومۇمىي پروگرامما

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى - جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پارتىيىنىڭ ئاخىرقى نىشانى - كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزى يېڭىپ كېتەلمەيدىغان ئۆزىگە خاس زىددىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت چوقۇم كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، ئاخىر چوقۇم تەرەققىي قىلىپ كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدىكى تارىخ ئىلمىي سوتسىيالىزم

نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ـ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، 2 قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى تۈگىتىش، ئاخىر بېرىپ ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئەگرى-توقايلىق ۋە تەكرارلىنىش بولىدۇ، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ چوقۇم كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ـ جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىشى. سوتسىيالىزم جەزمەن ھەرقايسى ئەللەر خەلقى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان، ئۆز ئېلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يول بىلەن پەيدىنپەي غەلىبە قىلىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بەرپا قىلدى. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ـ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى؛ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى ئورۇنداپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورناتتى، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سوتسىيالىستىك سىياسەت ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇردى.

11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى. جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر تۈپ مەسىلىلەرنى شەرھلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزم تۈپ قائىدىلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ ـ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان تارىخىي باسقۇچ، ئۇنىڭغا 100 يىلچە ۋاقىت كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش لازىم. ھازىرقى باسقۇچتا، جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئىچكى ئامىللار ۋە خەلقئارا تەسىر تۈپەيلىدىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ،

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەممە شۇ يولدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلىرى ۋە ھالقىلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدىغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساس، باشقا تەقسىمات ئۇسۇللىرى قوشۇمچە قىلىنىدىغان تەقسىمات تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر قىسىم رايونلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا ئىلھام بېرىپ، نامراتلىقنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان ۋە ئىجتىمائىي بايلىق كۆپەيگەن ئاساستا خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش لازىم. تۈرلۈك خىزمەتلەردە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشىنى ئومۇمىي چىقىش نۇقتىسى ۋە سىناش ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانى- مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1980- يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى: پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇشى ۋە خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا، ئەمگەكچىلەر سۈپىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە تايىنىپ، ئۈنۈم ياخشى، سۈپەت يۇقىرى، سۈرئەت تېز بولۇش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىزچىل يۈكسەلدۈرۈشى لازىم.

سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت 4 ئاساسىي پرىنسىپ - دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كېرەك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش - ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئىسلاھ قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم؛ شۇنىڭغا يارىشا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئېچىۋېتىش - ئىشىكنى سىرتقىمۇ، ئىچكىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاشقى ئىقتىسادىي - تېخنىكىۋى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، سىرتنىڭ مەبلەغ، بايلىق ۋە تېخنىكىسىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىش، ئىنسانلار جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار تىجارەت ئۇسۇلى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە دادىل ئىزدىنىش، باتۇرلۇق بىلەن يول تېپىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭى يول ئېچىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ماددىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىرىشىپ

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈرتكىگە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىدۇ. مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بىلىمگە، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، مىللىي غۇرۇر، ئىشەنچ ۋە جاسارەت روھىنى كۈچەيتىش، كومپارتىيە ئەزالىرىغا يەنە كوممۇنىستىك ئۇلۇغۋار غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، كاپىتالىزم ۋە فېئوداللىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ چىرىتىشىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش، خىلمۇخىل ئىجتىمائىي رەزىللىكنى تازىلاش، خەلقىمىزنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىي ۋە ئىنتىزاملىق خەلققە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى پائال قوللاپ، خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى، ئىقتىسادىي ئىشلارنى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈرىدۇ. پىكىرگە كەڭ يول ئېچىپ، دېموكراتىك يول بىلەن تەدبىر كۆرۈش، دېموكراتىك يول بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمى ۋە تەرتىپىنى ئورنىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇننى ئەمەلگە قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پەيدىنپەي قانۇنچىلىق يولىغا سالىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاش ئىشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا قەتئىي زەربە بېرىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان 2 خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرىدۇ ۋە توغرا ھەل قىلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ۋە باشقا خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە بولغان رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش داۋامىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن يېتىشتۈرىدۇ ۋە تاللاپ ئۆستۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك راۋاج تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى ۋە زىيالىيلىرى بىلەن دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار، ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەردىن، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەركىب تاپقان ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە زورايتىدۇ. تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»

فاڭجىنىغا ئاساسەن، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇندايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تاشقى ئالاقىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىت يارىتىش يولىدا تىرىشىدۇ. خەلقئارا ئىشلاردا، مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق، دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرىدۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك - ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تىنچ بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت 5 پرىنسىپ ئاساسىدا دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق، قوشنىدارچىلىق- دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرىدۇ، تەرەققىيقىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى بويىچە پارتىيىمىزنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ۋە باشقا پارتىيىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى زىچ دەۋرىي قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشنا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئۇسلۇبىنى جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشى، پارتىيىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشىدا تۆۋەندىكى 4 ئاساسىي تەلەپنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك:

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش.** پۈتۈن پارتىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ھەمدە بۇنىڭدا قىلچە ئېغىشماي ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى 4 ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بارلىق «سول» چىل ۋە ئوڭچىل خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش، ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، لېكىن ئاساسلىقى «سول» چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي نەتىجىسى ئالاھىدە بولغان ۋە ئامما ئىشەنچ قىلىدىغان كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ۋە ئىشلىتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**ئىككىنچى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش.** پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. پۈتۈن پارتىيە مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئاساس قىلىپ پائال ئىزدىنىشى، دادىللىق بىلەن سىناق ئېلىپ بېرىشى، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى، يېڭى ئەھۋاللارنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشى، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزمنى بېيىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

**ئۈچىنچى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.** پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق. پارتىيە ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت

باغلىشى، ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا، ئۆزىنى ئاممىدىن ئۈستۈن قويۇشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. پارتىيە ئۆز خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەننى يولغا قويۇشى، ھەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا بېرىشى، پارتىيىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ ھايات- ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، پارتىيە چىرىكلىككە قەتئىي ئېغىشماي قارشى تۇرۇشى، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**تۆتىنچى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش.** دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئۇ ھەم پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى، شۇنداقلا ئاممىۋى لۇشيەننىڭ پارتىيە تۇرمۇشىدىكى تەتبىقلىنىشىدۇر. پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. جەزمەن توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەرىكەت بىرلىكىگە، پارتىيە قارارلىرىنىڭ تېز ۋە ئۈنۈملۈك ئىجرالاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەشكىلچانلىقنى ۋە ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىش لازىم، پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. پارتىيە ئۆزىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى توغرا قانات يايدۇرۇشى، پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشى كېرەك. مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولغان، دېموكراتىيىمۇ بولغان، ئىنتىزامىمۇ بولغان، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكمۇ بولغان، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان جانلىق ۋە ئىتتىك سىياسىي ۋەزىيەتنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك، پارتىيە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى كېرەك. پارتىيە جەزمەن كۈچنى توپلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشى، ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، خىزمەتلەرنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى دەۋر قىلىپ قانات يايدۇرۇشى لازىم. پارتىيە دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش ئىشىنى يولغا قويۇشى، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلەرنى تۈزۈشى ۋە ئىجرا قىلىشى، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. پارتىيە ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيە دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ئاكتىپلىق - تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئالدىغا مەسئۇل بولۇپ، بىردەك ماسلىشىپ ئىشلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. پارتىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. پارتىيە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە يارىشا رەھبەرلىك شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى ئاممىا بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

## بىرىنچى باب پارتىيە ئەزالىرى

**1 - ماددا** جۇڭگونىڭ يېشى 18 گە تولغان ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى، ھەربىيلىرى، زىيالىيلىرى ۋە باشقا ئىنقىلابىي كىشىلىرىدىن پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ بىرەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى ھەمدە ئۇنىڭدا ئاكتىپ ئىشلەشنى، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋە ۋاقتى - قەرەلىدە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلار

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**2 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت جەڭچىسىدۇر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ئايىماي كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشى شەرت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى مەڭگۈ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسىدۇر. كومپارتىيىنىڭ بارلىق ئەزالىرى قانۇن ۋە سىياسەتتە بەلگىلەنگەن دائىرىدىكى شەخسىي مەنپەئەت ۋە خىزمەت ھوقۇقىدىن باشقا،ھەرقانداق خۇسۇسىي مەنپەئەت ۋە ئىمتىيازنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك.

**3 ـ ماددا** پارتىيە ئەزالىرى تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرت:

1) ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت، قارارلىرىنى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، ئىلىم ـ پەننى، مەدەنىيەتنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش.

2) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاممىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رول ئوينىش.

3) قەتئىي ئېغىشماي پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش، جاپا چېكىشتە ئالدىدا، ھالاۋەت كۆرۈشتە ئارقىدا تۇرۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، كۆپرەك تۆھپە قوشۇش.

4) پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى قاتتىق ساقلاش، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئاكتىپ ئورۇنداش.

5) پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيىگە سادىق بولۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، بارلىق مەزھەپچىلىك تەشكىلاتلىرىغا ۋە گۇرۇھۋازلىق ھەرىكەتلىرىگە، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىككە ۋە بارلىق سۇيىقەست ھەم ھىيلە ـ مىكىرلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش.

6) تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدنى ھەقىقىي قانات يايدۇرۇش، خىزمەتتىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى دادىل ئېچىپ تاشلاش ھەم تۈزىتىش، پاسسىپلىق، چىرىكلىكلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش.

7) ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئامما بىلەن با مەسلىھەت ئىش قىلىش، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى پارتىيىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش، ئاممىنىڭ ھەققانىي مەنپەئىتىنى قوغداش.

8) سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەممە قىيىن ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق.

**4 ـ ماددا** پارتىيە ئەزالىرى تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1) پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى كۆرىدۇ، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ۋە تەلىمىنى ئالىدۇ.

2) پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پارتىيىنىڭ يىغىنلىرىدا ۋە پارتىيە گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىگە قاتنىشىدۇ.

3) پارتىيە خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

4) پارتىيە يىغىنلىرىدا پارتىيىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتىنى ۋە ھەرقانداق ئەزاسىنى پاكىت ئاساسىدا تەنقىد قىلىدۇ، پارتىيە ئالدىدا پارتىيىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتى ۋە ھەرقانداق ئەزاسىنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىرىنى جاۋابكارلىق بىلەن پاش قىلىدۇ، ئاشكارىلايدۇ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ، خىزمىتىنى ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى يەڭگۈشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

5) ئاۋاز بېرىش ۋە سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

6) پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە تەشكىلاتى ئۆزىگە بېرىلىدىغان پارتىيە ئىنتىزام جازاسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ۋە قارار قىلىدىغان ياكى ئۆزىنى باھالايدىغان چاغدا، ئۆزى ئۆپىدە تۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىغا ئىگە، پارتىيىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرسە ۋە ئۇنى ئاقلىسا بولىدۇ.

7) پارتىيىنىڭ قارارى ۋە سىياسىتىگە باشقىچە پىكرى بولسا قارار ۋە سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئــۆز پىكرىدە قالدىغانلىقىنى بىلدۈرسە ھەمدە ئۆز پىكرىنى پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا، ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە سۇنسا بولىدۇ.

8) پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا، ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە ئىلتىماس، شىكايەت ۋە ئەرز سۇنالايدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلالايدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتىنىڭ، ھەتتا مەركىزىي كومىتېتنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى يۇقىرىدىكى ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىشقا ھەققى يوق.

**5-ماددا** پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشىنى پارتىيە ياچېيكىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش، ئايرىم ـ ئايرىم قوبۇل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىنى تولدۇرىدۇ، ئىككى نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسى تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلىدۇ، ياچېيكا يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقى بىلەن شۇنىڭدەك كاندىداتلىق مۇددىتىدە سىنالغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولىدۇ.

تونۇشتۇرغۇچىلار ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، پەزىلىتى، تارىخىنى ۋە خىزمەتتىكى ئىپادىسىنى ئەستايىدىل ئىگىلىشى، ئــۇنىڭغا پارتىيە پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتى، مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە بۇ ھەقتە پارتىيە تەشكىلاتىغا مەسئۇللۇق بىلەن دوكلات قىلىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ياچېيكا كومىتېتى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئۈستىدە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاممىدىن پىكىر ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق لايىق تېپىلغاندا ئاندىن ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشى كېرەك. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ پارتىيىگە كىرىشنى تەستىقلاشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشى لازىم. ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك كومىتېتلىرى پارتىيىگە بىۋاستە ئەزا قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

**6-ماددا** كاندىدات پارتىيە ئەزاسى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تۇرۇپ پارتىيىگە قەسەم بېرىشى كېرەك. قەسەمنامە مۇنداق: مــەن جــۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كىردىم، پارتىيە پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىمەن، پارتىيە نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلىمەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىمەن، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىمەن، پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىمەن، پارتىيە مەخپىيىتىنى ساقلايمەن، پارتىيىگە سادىق بولىمەن، ئاكتىپ ئىشلەيمەن، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىمەن، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن، پارتىيىگە مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلمايمەن.

**7-مـاددا** كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتى كاندىدات پارتىيە

ئەزالىرىنى ئىخلاس بىلەن تەربىيىلىشى ۋە كۆزىتىشى لازىم.

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى رەسمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ئاۋاز بېرىش، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى يۇقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رەسمىي پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە.

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توشقاندا، پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتەلىشى ياكى ئۆتەلمەسلىكىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىشى لازىم. كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئادا قىلغان ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىغانلار ئۆز ۋاقتىدا رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك؛ داۋاملىق كۆزىتىش ۋە تەربىيىلەش لازىم بولغانلىرىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇزارتىلغان ۋاقتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغانلارنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇش لاياقىتىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. كاندىدات پاتىيە ئەزاسىنىڭ رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتكۈزۈلۈشى ياكى كاندىداتلىق مۇددىتىنىڭ ئۇزارتىلىشى ۋە ياكى كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇش لاياقىتىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى ياچېيكا يىغىنى ئۇنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا ماقۇللىغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە ئىستاژى كاندىداتلىق مۇددىتى توشۇپ رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتكەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

**8-ماددا** ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى خىزمەت ۋەيىسىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پارتىيىنىڭ بىرەر ياچېيكىسى، بىرەر گۇرۇپپىسىدا ياكى باشقا مۇئەييەن تەشكىلاتىدا پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتكوم، پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغىمۇ قاتنىشىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشمايدىغان، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان ھەرقانداق ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**9-ماددا** پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىپ كېتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلسا، ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن رۇيخەتتىن ئۆچۈرۈلگەنلىكى جاكارلىنىشى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى لازىم.

ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىگە لايىق بولمىغان پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ياچېيكىسى تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭدىن بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئۇنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم؛ تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەلمىگەن پارتىيە ئەزاسىنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈش كېرەك. پارتىيە ئەزاسىنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈشنى ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق قارار قىلىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىش كېرەك. نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلىدىغان پارتىيە ئەزاسى چېكىنىشكە ئۇنىماي تۇرىۋالسا، ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ رۇيخەتتىن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى قارار قىلىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىش لازىم.

پارتىيە ئەزاسى ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۇدا ئالتە ئايغىچە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشمىسا ياكى ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرمىسا ۋە ياكى پارتىيە تەقسىم قىلغان خىزمەتنى ئىشلىمىسە پارتىيىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياچېيكا يىغىنى بۇنداق پارتىيە ئەزاسىنى رۇيخەتتىن ئۆچۈرۈشنى قارار قىلىشى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىشى لازىم.

# ئىككىنچى باب پارتىينىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى

**10- ماددا** پارتىيە ئۆزىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە تەشكىل قىلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە. پارتىينىڭ دېموكراتىيە- مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى مۇنۇلار:

1) پارتىيە ئەزاسى پارتىيە تەشكىلاتىغا بويسۇنىدۇ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنىدۇ، پارتىينىڭ ھەممە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق ئەزالىرى پارتىينىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋە مەركىزىي كومىتېتىغا بويسۇنىدۇ.

2) پارتىينىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەسىس قىلغان ۋەكالەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيىسىز تەشكىلاتلاردىكى پارتگۇرۇپپىلاردىن باشقىلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

3) پارتىينىڭ ئالىي رەھبىرىي ئورگىنى — پارتىينىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە ئۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەركىزىي كومىتېت. پارتىينىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى — پارتىينىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كومىتېتلار. پارتىينىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتايلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

4) پارتىينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ پىكرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم. پارتىينىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەم ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلاردىن يوليورۇق سورىشى ۋە ئۇلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى ھەم ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەل قىلىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىر-بىرى بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى، بىر-بىرىنى قوللىشى ۋە بىر-بىرىنى نازارەت قىلىشى لازىم. پارتىينىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىينىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىپلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

5) پارتىينىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى پارتىيە كومىتېتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قارار قىلىدۇ؛ كومىتېت ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ قارارى ۋە ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆز بۇرچىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىشى كېرەك.

6) پارتىيە شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ھەرقانداق تۈرىنى مەنئى قىلىدۇ. پارتىيە ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نازارىتىدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدايدۇ.

**11- ماددا** پارتىينىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە كومىتېتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. سايلامدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. نامزاتلارنىڭ ئىسملىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ تولۇق كېڭىشىشىدىن ھەم مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. نامزاتلارنىڭ سانىنى سايلىنىدىغانلارنىڭ سانىدىن ئارتۇق كۆرسىتىپ سايلاش چارىسىنى بىۋاسىتە قوللىنىپ، رەسمىي سايلام ئۆتكۈزۈلسە بولىدۇ. ئاۋۋال ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش يولى بىلەن تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، نامزاتلارنىڭ ئىسملىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي سايلام ئۆتكۈزۈلسىمۇ بولىدۇ. سايلىغۇچىلار نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە، نامزاتلارنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا، ھەر قانداق بىر نامزاتنى سايلىماسلىققا ۋە باشقىلارنى سايلاشقا ھوقۇقلۇق. ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ھەر قانداق يول بىلەن سايلىغۇچىلارنى مەلۇم بىركىشىنى سايلاش ياكى سايلىماسلىققا

زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلىمىدا پارتىيە نىزامنامىسىگە خىلاپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، پارتىيىنىڭ بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، سايلامنى ئىناۋەتسىز قىلىش ۋە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشى ھەمدە ئۇنى ئۈزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن رەسمىي ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىشى لازىم.

**12- ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارسا ۋە قارار چىقارسا بولىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ سانىنى ۋە ئۇلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسىنى ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرغۇچى كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

**13- ماددا** يېڭى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشقا ياكى بۇرۇنقى پارتىيە تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى قارار قىلىشى شەرت.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋەكالەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلتايلىرى ئارىلىقىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى زۆرۈر تاپسا، تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى يۆتكەيدۇ ياكى تەيىنلەيدۇ.

**14 - ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىدىغان چاغدا، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى نورمال يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىكى مەسىلىلەرگە، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك.

**15 - ماددا** مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇھىم سىياسەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىشقا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىلا ھوقۇقلۇق، ھەر قايسى تارماقلار ۋە جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ھەقتە مەركىزىي كومىتېتقا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا قارار چىقارماسلىقى ۋە ئۆز تەشەببۇسىنى سىرتقا ئېلان قىلماسلىقى شەرت.

پارتىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەگەر تۆۋەن دىرىجىلىك تەشكىلاتلار يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قارارىنى ئۆز رايونى ۋە تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ ھېسابلىسا، ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئەسلىدىكى قارارىدا چىڭ تۇرسا، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۇنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ باشقىچە پىكرىنى ئاشكارا ئېلان قىلماسلىقى شەرت، لېكىن بۇ پىكرىنى يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە باشقا تەشۋىقات قوراللىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى تەشۋىق قىلىشى شەرت.

**16 - ماددا** پارتىيە تەشكىلاتى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ئارقىلىق قارار قىلىشى، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشى شەرت. مۇھىم مەسىلىلەرنى قارار قىلىشتا ئۇنى ئاۋازغا قويۇشى كېرەك. ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ باشقىچە پىكىرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى كېرەك. ئەگەر مۇھىم مەسىلىلەردە تالاش - تارتىش بولۇپ قېلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەم سانىدا كۆپ پەرق بولمىسا، جىددىي ئەھۋال ئاستىدا كۆپ سانلىق كىشىنىڭ پىكرى بويىچە ئىجرا قىلىشى شەرت، جىددىي ئەھۋال بولمىسا، ئالدىراپ قارار قىلىۋەتمەي يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، كېلەر قېتىمدا قايتا ئاۋازغا قويۇشى كېرەك؛ ئالاھىدە ئاھۋال ئاستىدا، تالاش - تارتىش ئەھۋالىنى يۇقىرى دەرىجىلىك

تەشكىلاتقا مەلۇم قىلىپ، كېيىن چىقىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ.

پارتىيە ئەزاسى پارتىيە تەشكىلاتىغا ۋەكالىتەن ئىلان قىلماقچى بولغان مۇھىم تەشەببۇسنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەۋجۇت قارارى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان يېرى بولسا، ئۇنى ئۆزى تۇرۇشلۇق پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنۇشى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىدىن يوليورۇق سورىشى شەرت. ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسى، ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلسا بولمايدۇ؛ جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، ئۆز ئالدىغا قارار قىلىشقا توغرا كەلسە، قارار قىلغاندىن كېيىن تېزلىكتە پارتىيە تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق رەھبەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا ۋە ئۆزىنى تەشكىلدىن ئۈستۈن قويۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**17 - ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى، يەرلىك ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى، تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى، تەشكىلات خىزمىتىنى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى، ئاممىۋى خىزمىتىنى، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ۋە باشقا خىزمەتلىرىنى دائىم مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى باب پارتىيىنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتلىرى

**18 - ماددا** پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى 5 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنى مەركىزىي كومىتېت چاقىرىدۇ. مەركىزىي كومىتېت زۆرۈر تاپسا ياكى پارتىيىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكى تەلەپ قىلسا، مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمىسا، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ۋە سايلام چارىسىنى مەركىزىي كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

**19 - ماددا** پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) مەركىزىي كومىتېتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

2) مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

3) پارتىيىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە بېكىتىدۇ؛

4) پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ؛

5) مەركىزىي كومىتېتنى سايلايدۇ؛

6) مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلايدۇ.

**20 - ماددا** پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار: مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە قارار قىلىدۇ؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى تەڭشەيدۇ ۋە كۆپەيتىپ سايلايدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەڭشىلىدىغان ۋە كۆپەيتىپ سايلىنىدىغان ئەزالىرىنىڭ ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ سانى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا سايلانغان ئەزالىرىنىڭمۇ ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭمۇ ئومۇمىي سانىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**21 - ماددا** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ. مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلسە ياكى كېچىكتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى 5 يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ سانىنى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي بەلگىلەيدۇ. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىرى ئىچىدىن سايلامدا ئىگە بولغان ئاۋاز سانىغا قاراپ تەرتىپ بويىچە تولدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى تەرىپىدىن چاقىرىلىدۇ، يىلىغا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مەملىكەتلىك قۇرۇلتايلار ئارىلىقىدا، مەركىزىي كومىتېت مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. تاشقى مۇناسىۋەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**22 ـ ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى سايلايدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن بولۇشى شەرت.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى ئارىلىقىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى؛ ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى كۆرسىتىدۇ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللايدۇ.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى مەركىزىي كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەركىزىي رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ۋە مەركەز رەھبەرلىرى، كېلەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، كېلەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتتا يېڭى مەركىزىي رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ۋە مەركەز رەھبەرلىرى ۋۇجۇدقا كەلگىچە، پارتىيىنىڭ دائىملىق خىزمىتىنى داۋاملىق باشقۇرىدۇ.

**23 ـ ماددا** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىشلەيدۇ. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت ئورگىنى ـ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سىياسىي بۆلۈمى، باش سىياسىي بۆلۈم ئارمىيىدىكى پارتىيە خىزمىتىنى ۋە سىياسىي خىزمەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ئارمىيىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ۋە ئاپپاراتىنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

## تۆتىنچى باب پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى

**24 ـ ماددا** ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلتايلىرى 5 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ناھىيە (خوشۇن)، ئاپتونوم ناھىيە، تەۋەسىدە رايون بولمىغان شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلتايلىرى 5 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنى پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتلىرى چاقىرىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ۋە سايلام چارىسىنى پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتلىرى بەلگىلەيدۇ ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ.

**25ـماددا** پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت هوقۇقى مۇنۇلار:

1) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كومىتېتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

2) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

3) ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ ۋە قارار چىقىرىدۇ؛

4) پارتىيىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كومىتېتىنى سايلايدۇ، پارتىيىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلايدۇ.

**26-ماددا** پارتىيىنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، تەۋەسىدە رايون بولغان شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ. بۇ كومىتېتلارنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى 5 يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت. پارتىيىنىڭ ناھىيە (خوشۇن)، ئاپتونوم ناھىيە، تەۋەسىدە رايون بولمىغان شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايون دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى 5 يىل بولىدۇ. بۇ كومىتېتلارنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى 3 يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلسە ياكى كېچىكتۈرۈلسە، ئۇ سايلاپ چىققان كومىتېتلارنىڭ ۋەكالەت مۇددىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ سانىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتلار ئايرىم-ئايرىم بەلگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، كاندىدات ئەزالار ئىچىدىن سايلامدا ئىگە بولغان ئاۋاز سانىغا قاراپ تەرتىپ بويىچە تولدۇرۇلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى يىلىغا كەم دېگەندە 2 قېتىم چاقىرىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلتايلار ئارىلىقىدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ۋە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز يېرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتلىرىغا ئۆز خىزمىتىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىپ تۇرىدۇ.

**27-ماددا** پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى ئارىلىقىدا كومىتېتنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ؛ كېلەر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىپ يېڭى دائىمىي كومىتېت ۋۇجۇدقا كەلگىچە دائىملىق خىزمەتلەرنى داۋاملىق باشقۇرىدۇ.

**28-ماددا** پارتىيىنىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەتلىك كومىتېتقا تەڭ تەشكىلاتلىرى ـ پارتىيىنىڭ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتلىرىنىڭ بىر نەچچە ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر دائىرىسىدە تەسىس قىلغان ۋەكالەت ئورگانلىرى. ئۇلار ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتلار بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن شۇ رايوندىكى خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

## بەشىنچى باب پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى

**29-ماددا** كارخانا، يېزا، ئىدارە، مەكتەپ، ئىلمىي تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورنى، مەھەللە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لېيەندۇيلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا 3 تىن ئارتۇق رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولسىلا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى خىزمەت ئېھتىياجىغا ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىغا قاراپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقى بىلەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنى، باش ياچېيكا كومىتېتىنى، ياچېيكا كومىتېتىنى ئايرىم-ئايرىم تەسىس قىلىدۇ. ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى قۇرۇلتىيى سايلايدۇ، باش ياچېيكا كومىتېتى ۋە ياچېيكا كومىتېتىنى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى سايلايدۇ.

**30-ماددا** پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى 3 يىل ياكى 4 يىل بولىدۇ، باش ياچېيكا كومىتېتى، ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى 2 يىل ياكى 3 يىل بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى، باش ياچېيكا كومىتېتلىرى، ياچېيكا كومىتېتلىرى سايلاپ چىققان شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار يۇقىرى دەرىجىلىك

پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا تەستىقلىتىلىشى كېرەك.

**31-ماددا** پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى جەڭگىۋار قورغىنى، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

1) پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز ئورنىغا يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندايدۇ؛

2) پارتىيە ئەزالىرىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، شۇنىڭدەك قارارلىرىنى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ؛

3) پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەيدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىدۇ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى چىڭىتىدۇ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرىدۇ، پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغدايدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئادا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلى- تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛

4) ئاممىا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلايدۇ، ئاممىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ئاممىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، ئاممىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ؛

5) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاپ، يېتىشتۈرۈپ ۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تەقدىم قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ؛

6) پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەيدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ. پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى دائىملىق خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ 1 - سېپىدىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ؛

7) پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ۋە باشقا ھەممە خادىملارنىڭ دۆلەت قانۇنىغا ۋە مەمۇرىي ئىنتىزامغا، دۆلەتنىڭ مالىيە- ئىقتىسادقا دائىر قانۇن-نىزاملىرىغا ۋە كادىرلار تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىشىغا، دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلماسلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛

8) پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئاممىغا ناچار خاھىشلارغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

**32- ماددا** پارتىيىنىڭ مەھەللە، يېزا، بازارلىق ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇ رايوننىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، مەمۇرىي تەشكىلاتلارنىڭ، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سىياسىي جەھەتتىكى يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى دەۋر قىلغان ھالدا قانات يايدۇرىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ شۇ كارخانىلاردا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛ زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور)نىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىدۇ، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ جان-دىلى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ؛ كارخانىنىڭ چوڭ- چوڭ مەسىلىلەر

ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلىشكە قاتنىشىدۇ؛ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەمۇرىي رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سىياسىي جەھەتتىكى يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. پارتىيىنىڭ پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەمۇرىي رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ ۋە قارار چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەمۇرىي رەھبەرنىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى مەمۇرىي مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىغا، خىزمەتلەرنى ياخشىلىشىغا ھەمكارلىشىدۇ، مەمۇرىي مەسئۇل كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىدۇ، ئۆز ئورنىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلمايدۇ.

## ئالتىنچى باب پارتىيە كادىرلىرى

**33- ماددا** پارتىيە كادىرلىرى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تايانچ كۈچى، خەلقنىڭ خىزمەتكارىدۇر. پارتىيە كادىرلارنى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن تاللايدۇ، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

پارتىيە كادىرلارنى تەربىيىلەشكە، يېتىشتۈرۈشكە، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ۋە سىناشقا، بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پارتىيە ئايال كادىرلارنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**34- ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇشۇ نىزامنامىنىڭ 3- ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى نەمۇنىلىك ئادا قىلىشى ھەمدە تۆۋەندىكى ئاساسىي شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

1) ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ئېھتىياجلىق بولغان سەۋىيىگە ئىگە بولۇش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ماركسىزم- لېنىنىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تىرىشىش؛

2) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ئىرادە باغلاش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ھەقىقىي نەتىجە قازىنىش؛

3) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرەلەيدىغان بولۇش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇش؛

4) كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئىشچانلىققا ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىققا، ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇش، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىدەك تەشكىللەش قابىلىيىتىگە، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇش؛

5) خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ھۆكۈمەت ئىشىدا خەلقنى كۆزلەپ تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئاددىي-ساددا ياشاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ تەنقىد ۋە نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش، خىزمەت ھوقۇقىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىدىغان، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ھەرقانداقىغا قارشى تۇرۇش؛

6) پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش، دېموكراتىك ئىستىل ۋە ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىغا ئىگە بولۇش، يولداشلار بىلەن، جۈملىدىن ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇش.

**35-ماددا** پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيىسىز كادىرلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇشى، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك پارتىيىسىز كادىرلارنى بايقاشقا ۋە ئۇلارنى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويۇشقا ماھىر بولۇشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىمۇ، ھوقۇقىمۇ بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

**36- ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ دېموكراتىك يول بىلەن سايلانغانلىرىنىڭمۇ ياكى رەھبىرىي ئورگانلار تەيىنلىگەنلىرىنىڭمۇ ۋەزىپىسى ئۆزگىچە باقىي ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ. يېشى ۋە سالامەتلىكى داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە يار بەرمىگەن كادىرلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە پېنسىيىگە چىقىشى، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشى كېرەك.

## يەتتىنچى باب پارتىيە ئىنتىزامى

**37 ـ ماددا** پارتىيە ئىنتىزامى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت قائىدىسى، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشنىڭ كاپالىتىدۇر. پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى ۋە قوغدىشى، كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ئىنتىزامى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇشى شەرت.

**38 ـ ماددا** پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش روھى بويىچە خاتالىقنىڭ خاراكتېرىگە ۋە قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، تەنقىد - تەربىيە بېرىشى ھەتتا ئىنتىزام جازاسى بېرىشى كېرەك.

جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن چىقىرىلىشى شەرت.

پارتىيە ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە نىزامنامىسى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىغا خىلاپ ۋاستىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىش ۋە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. مۇشۇ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**39 ـ ماددا** پارتىيىنىڭ ئىنتىزام جازاسى 5 خىل بولىدۇ: ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ۋە پارتىيىدىن چىقىرىش.

پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 2 يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش مەزگىلىدە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولمايدۇ. پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش داۋامىدا خاتالىقىنى ھەقىقەتەن تۈزەتكەن بولسا، ئۇنىڭ پارتىيە ئەزالىق ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك؛ تۈزەتمەي خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالسا، پارتىيىدىن چىقىرىلىشى كېرەك.

پارتىيىدىن چىقىرىش ـ پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي جازا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى قارار قىلىدىغان ياكى تەستىقلايدىغان چاغدا، ئالاقىدار ماتېرىيال ۋە پىكىرلەر ئۈستىدە تولۇق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشى، ئىنتايىن ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشى كېرەك.

**40 ـ ماددا** پارتىيە ئەزاسىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق قارار قىلىنىشى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت؛ ئەگەر چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بىر قەدەر مۇھىم ياكى مۇرەككەپ بولسا ۋە ياكى پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، ئوخشاش بولمىغان

ئەھۋالغا قاراپ، پارتىيىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ياكى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تەستىقلىتىش كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ھەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە ئەزاسىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى بىۋاسىتە قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىغا، كاندىدات ئەزالىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىشنى شۇ كىشى ئەزا بولغان كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپ ئاۋاز بىلەن قارار قىلىشى شەرت. ئالاھىدە ئەھۋالدا، ئاۋۋال مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي بيۇروسى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقارسا، ئۇنى كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندا ئېتىراپ قىلسا بولىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان يۇقىرىقى جازالار ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي بيۇروسى قارار قىلىدۇ؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى شۇ دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىدۇ.

**41 - ماددا** پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىشنى قارار قىلىشتا، پاكىتلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى كېرەك. جازا قارارىدا ئاساس قىلىنغان پاكىت - ماتېرىياللارنى ۋە جازا قارارىنى جازالانغۇچىغا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋال توغرىسىدىكى ئىزاھلىرىنى ۋە ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى ئاڭلىشى كېرەك. جازالانغۇچى جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، ئەرز قىلسا بولىدۇ، مۇناسىۋەتلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەرزنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى ياكى باستۇرۇپ قويماي تېزدىن يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى شەرت. خاتا پىكرىدە ۋە يولسىز تەلپىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان كىشىلەرگە تەنقىد - تەربىيە بېرىشى كېرەك.

**42 - ماددا** پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغداش جەھەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، سۈرۈشتە قىلىنىشى شەرت.

پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان ھەم ئۆزى تۈزىتەلمەيدىغان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگە قاراپ، شۇ تەشكىلاتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ياكى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشى ھەمدە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىغا يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، رەسمىي ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىشى كېرەك.

## سەككىزىنچى باب پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى

**43 - ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۇلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۆزى بىلەن تەڭ

دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىش ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى قويۇشنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە تەشكىلاتى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ باش ياچېيكا كومىتېتى ۋە ياچېيكا كومىتېتىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەركەز دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىغا پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ياكى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى ئەۋەتسە بولىدۇ. ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى پارتىيىنىڭ شۇ ئورگاندىكى رەھبىرىي تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ شۇ ئورگاندىكى رەھبىرىي تەشكىلاتى قوللىشى لازىم.

**44 ـ ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە نىزامنامىسىنى ۋە پارتىيە ئىچىگە قارىتىلغان باشقا قائىدە ـ نىزاملارنى قوغداش، پارتىيە كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەملىشىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە ئەزالىرىغا دائىم ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ، پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغداشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىدۇ؛ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە ۋە پارتىيە ئىچىگە قارىتىلغان باشقا قائىدە ـ نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا دائىر بىر قەدەر مۇھىم ياكى مۇرەككەپ دېلولارنى تەكشۈرىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، شۇ دېلولاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان جازانى قارار قىلىدۇ ياكى بېرىلگەن جازانى بىكار قىلىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شىكايىتىنى ۋە ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئالاھىدە مۇھىم ياكى مۇرەككەپ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى بۇنداق مەلۇماتنى بىرلا ۋاقىتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغىمۇ يوللىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىدا پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى سەزسە، ئاۋۋال دەسلەپكى ئېنىقلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ، دېلو تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىشى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىغا چېتىلغانلىرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا يوللىغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

**45 ـ ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ھەمدە تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دېلو توغرىسىدا چىقارغان قارارىنى تەستىقلاش ۋە ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئىگە. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆزگەرتمەكچى بولغان شۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قارارى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، بۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشى شەرت.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا باشقىچە پىكرى

بولسا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنى سەزگىنىدە، ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ھەل قىلمىسا ياكى توغرا ھەل قىلمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز بېرىپ، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ياردەم سوراشقا ھوقۇقلۇق.

## توققۇزىنچى باب پارتگۇرۇپپىلار

**46 ـ ماددا** مەركەز ۋە جايلاردىكى دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا پارتىيىسىز تەشكىلاتلارنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا پارتگۇرۇپپا قۇرۇلسا بولىدۇ. پارتگۇرۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسەن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئۆز تارماقلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە قارار قىلىشقا، پارتىيىسىز كادىرلار ۋە ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ،پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا، ئىدارە ۋە ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت.

**47 ـ ماددا** پارتگۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرىنى شۇ پارتگۇرۇپپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتى تەيىنلەيدۇ. پارتگۇرۇپپىغا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار قويۇلىدۇ.

پارتگۇرۇپپىلار ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى شەرت.

**48 ـ ماددا** دۆلەتنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇنلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى يولغا قويىدىغان خىزمەت تارماقلىرىدا پارتكوم قۇرۇلسا بولىدۇ، پارتكوملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى مەركىزىي كومىتېت ئايرىم بەلگىلەيدۇ.

## ئونىنچى باب پارتىيىنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

**49 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ـ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ياشلارنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىنىش مەكتىپى، پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس ئارمىيىسى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرى دەرىجىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**50 ـ ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.پارتىيە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جانلىق، روھلۇق ۋە تازا ئىجادىي ئىشلەپ، ئىتتىپاقنىڭ زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى ۋە ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى قەتئىي قوللىشى كېرەك.

ئىتتىپاقنىڭ ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە ئەزاسى بولسا، پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتىنىڭ ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ.

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى

— پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەش ماتېرىيالى

## بىرىنچى لېكسىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك يۈزلەندۈرۈشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى

ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم مەزگىلگە قەدەم قويۇۋاتقان چاغدا، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، بۇ، پارتىيىمىز تارىخىدىكى بىرقېتىملىق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلتاي بولدى. قۇرۇلتايدا چىقىرىلغان ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تۈرلۈك تەدبىرلەر ئېلىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان چاغدىكى ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 15- قۇرۇلتايغا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا، «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21- ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش»نى ئاساسىي تېما قىلىپ، دەۋر ئالمىشىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولۇپمۇ 14- قۇرۇلتايدىن بۇيانقى بەش يىللىق خىزمەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەسلەپ ۋە خۇلاسىلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى بېكىتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىسى، فاڭجېنى، سىياسىتى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دوكلاتنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ روھىي ماھىيىتى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاش ۋە نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم ھۆججەت. ئۇنىڭدا نەزەرىيە جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلغان، تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە يېڭى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، سىياسەت جەھەتتە يېڭى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى نەزەرىيە، لۇشيەن ۋە فاڭجېن، سىياسەتلەر بېيىتىلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىدا، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك، ياش، قابىل بىر تۈركۈم

مۇنەۋۋەر، ئوتتۇرا ياشلىق، ياش كادىرلار يېڭى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان چاغدىكى ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ قەيسەر، كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، 12- قۇرۇلتاي، 13-قۇرۇلتاي ئارقىلىق، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى داۋامىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى پارتىيىنىڭ 14- قۇرۇلتىيىدا تولۇق ئېتىراپ قىلىندى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. 14- قۇرۇلتايدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش تەكىتلىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى بېكىتىلدى. 15- قۇرۇلتاينىڭ تۆھپىسى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭدا «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى» دېگەن ئۇقۇم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاساسلىقى دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى» دەپ رەسمىي نام بېرىلىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى قارارىغا ۋە پارتىيە نىزامنامىسىغا يېزىپ كىرگۈزۈلۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئالىي نىزام شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەمدە نەزەرىيىۋى سىستېما جەھەتتىن تولۇق شەرھلەندى. بىرىنچىدىن، ماركسىزم -لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي سىستېما ئىكەنلىكى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئىكەنلىكى شەرھلەندى؛ ئىككىنچىدىن، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ جەۋھىرىنى ئىگىلەش، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىش، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنى خۇلاسىلەش، ئىلمىي نەزەرىيىۋى سىستېمىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى ئىكەنلىكى دەلىللەندى؛ ئۈچىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى غەلىبىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيە ئىكەنلىكى، زامانىمىزدىكى جۇڭگودا، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدىغان باشقا نەزەرىيە يوقلۇقى، ئۇنى پەقەت ماركسىزمنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىلا ھەل قىلالايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى؛ تۆتىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىش لازىملىقى، يەنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ بەشىنچىدىن، بايراق مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكى، بايراقنىڭ يۆنىلىش، ئوبراز ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بۇ مەسىلىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاڭلىقلىققا ۋە قەتئىيلىككە ئىگە بولۇش، مەيلى ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا ۋە خەۋپ-خەتەرلەرگە دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ تەۋرەنمەسلىك تەلەپ قىلىندى. بۇ، 15- قۇرۇلتايدا چىقىرىلغان تارىخىي ئەھمىيەتلىك بولغان ئەڭ مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا 15- قۇرۇلتاينىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەڭ زور تۆھپىلىرىدىن بىرى.

پارتىيىمىز ماركسىزملىق نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان پارتىيە بولۇپ، ماركسىزم ئەزەلدىن تارتىپلا پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ كەلدى. لېكىن، تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە قايتا- قايتا ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، يېتەكچى ئىدىيە ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىلا، ئۇنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى ئاندىن مۇستەھكەملىنىدۇ، يېتەكچىلىك رولى ئاندىن جارى قىلدۇرۇلىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا، پارتىيىنىڭ 7- قۇرۇلتىيىدا، پارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 24 يىللىق ئەگرى-توقاي تارىخىي

تەجرىبىلەر توغرا خۇلاسىلىنىپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇش مەزگىلىدە شەكىللەنگەن ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلىپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت زور تەدبىر چىقىرىلغانىدى. بۇ تەدبىر يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىلىك ئالغا سىلجىتىلىشىدا غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يولداش ماۋ زېدۇڭ باشلاپ بەرگەن يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت توغرا يولدا مېڭىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئاجايىپ جاپالىق كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ شەللىسىدىن بېسىپ تۇرغان جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، جۇڭخۇا زېمىنىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ۋەتىنىمىزنىڭ ئاۋاتلىشىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس ئورناتتى. ھازىر، پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىدا، 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيانقى ئاجايىپ مۇساپىلەر ئەسلەپ ئۆتۈلۈپ، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىكى، بولۇپمۇ 14- قۇرۇلتايدىن بۇيانقى بەش يىللىق تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ھەققىدە تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىر چىقىرىلىپ، ماركسىزم بىلەن زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان غايەت زور رولىنىمۇ ئوخشاشلا مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. بۇ نەزەرىيىدە، ھەم ئۆتكەنكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىنغان ھەم كونا قائىدىلەر بۇزۇپ تاشلانغان؛ ھەم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇلغان ھەم ئۇ راۋاجلاندۇرۇلغان؛ ھەم ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مول ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان، ھەم زامانىمىزدىكى دەۋرنىڭ مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلغان؛ ھەم ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەر خۇلاسىلەنگەن، ھەم باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى ئەينەك قىلىنغان، بولۇپمۇ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلانغان تارىخىي شارائىتتا، ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ماركسىزمنىڭ نەزەرىيە خەزىنىسىگە نۇرغۇن يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر قوشۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ھەممىدىن بەك ئىگە. پەقەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەشنى قەتئىي بوشاشتۇرماي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تونۇشى ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرغىلى، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى توغرا تونۇپ يەتكىلى، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

15-قۇرۇلتايدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش تەدبىرىنى بەلگىلەش بىلەن

بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسى يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە دەلىللەندى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى. دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ دېگەن ھۆكۈم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈپ چىقىلغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھۆكۈم بىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى توغرا تونۇشىمىز ۋە خۇلاسىلىشىمىزدە مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغان ئىدى. 12- قۇرۇلتاي ئارقىلىق، پارتىيە ئىچىدە بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغان يولداشلار بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇ ئاساستا، 13- قۇرۇلتايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسەن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسى خېلى ئەتراپلىق شەرھلىنىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن قىلىپ يىغىنچاقلاندى ھەمدە ئۇ پارتىيىنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى سۈپىتىدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. كېيىن، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكىتلىدى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى تونۇشى ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يولداش جياڭ زېمىن يەنە 14- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا 13- قۇرۇلتاينىڭ بۇ مەسىلىدىكى تارىخىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇ ئاساستا 15- قۇرۇلتايدا بۇ مەسىلە يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر بايان قىلىندى. ئاساسلىق روھى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) سوتسىيالىزم — كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي قىلمىغان باسقۇچىدا، زامانىۋىلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان باسقۇچتا تۇرماقتا. (2) جۇڭگو ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇزاق مۇددەتكىچە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، خېلى ئۇزاق دەسلەپكى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈپ سانائەتلەشتۈرۈش ۋە ئىقتىسادنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، بازارلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، بۇنىڭغا ئاز دېگەندىمۇ 100 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. (3) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى پەيدىنپەي ھالدا تەرەققىي تاپمىغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان تارىخىي باسقۇچ، شۇنداقلا دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈش، ئىقتىسادنى تاۋارلاشتۇرۇش، بازارلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ھالەتكە ئايلاندۇرۇلىدىغان، پۈتۈن خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر باياشاتلاشقان ھالەتكە ئايلاندۇرۇلىدىغان، رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى پەرقى تەدرىجىي كىچىكلىتىلىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمە ھەم باشقا جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە بەرپا قىلىنىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان، ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىنىدىغان، دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيە بىلەن بولغان پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، سوتسىيالىزم ئاساسىدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان تارىخىي باسقۇچ، بۇ، ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان تەرەققىيات باسقۇچى. (4) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، سىنىپىي زىددىيەت خەلقئارا ۋە ئىچكى ئامىللار تۈپەيلىدىن مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئاساسىي زىددىيەت

ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭگەن بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرىنچى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. (5) ھەقىقەتەن سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، نېمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى، دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. (6) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش، ھەر ئىككى قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش لازىم. (7) سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسىنى يېڭىۋاشتىن تەكىتلەشتە، نېمە ئۈچۈن ھازىرقى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش لازىملىقى، باشقىچە لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تونۇۋېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. 15- قۇرۇلتاينىڭ دەسلەپكى باسقۇچ توغرىسىدىكى بۇ بايانلىرى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى يەنىمۇ بېيىتتى، بۇ ھال پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىدىكى تونۇشىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 15- قۇرۇلتاينىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى مۇشۇ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن چىقىرىلغان. 15- قۇرۇلتاينىڭ بۇ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن تونۇشقا ئىگە بولغان ۋە ئۇنى توغرا ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن خىلمۇخىل گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەر خىل توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرگىلى، ئاندىن مېڭىنى سەگەك تۇتۇپ، تارىخىي باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلمايدىغان بولغىلى، ئاندىن 15- قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزلەشتۈرۈپ، 15- قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سول»چىللىق ۋە ئوڭچىللىقنىڭ توسالغۇلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ساغلام يولنى بويلاپ ئۇغۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى سوتسىيالىزم قۇرۇش پروگراممىسى، مۇشۇ باسقۇچتىكى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىگە قويۇلغان ئومۇمىي نىشان تەلىپى. 1991- يىلى يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرىنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى، 14- قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بۇ جەھەتتە بەزى يېڭى تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، 15-قۇرۇلتايدا مۇشۇ تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئۇ ئاساسىي پروگرامما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەمدە نېمىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئىكەنلىكى، بۇنداق ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتنى قانداق بەرپا قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ توغرا،

تېخىمۇ چوڭقۇر بايان قىلىندى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي نىشان ۋە ئاساسىي سىياسەتلەر تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ مۇكەممەل بولدى. بۇ ھال پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدىكى تونۇشىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەنلىكى ۋە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 15- قۇرۇلتايدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: پارتىيىمىز بېكىتكەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانلىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ پروگramma دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى جارى قىلدۇرۇلۇشى، يېقىنقى يىللاردىكى ئەڭ ئاساسلىق تەجرىبىلەرنىڭ خۇلاسىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پروگراممىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىزنىڭ نېمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى ۋە بۇنداق سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېخىمۇ ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەردى، بۇ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 15- قۇرۇلتايدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى دەۋر قىلىپ، ئىسلاھاتنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىش، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھالقىلىرىنى ئاڭلىق تەڭشەپ، ئۇنى دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تارىخىي تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋر قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش لازىم، دەپ تەكىتلەندى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىسلاھات ئارقىلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى پائال تۈردە ئالغا سىلجىتىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم. ئىسلاھاتتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە ياخشىلاشنى نىشان، «3 كە پايدىلىق بولۇش»قا مۇۋاپىق كېلىشنى پرىنسىپ، ھەرقايسى جەھەتلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى بىللە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش 15-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى زور ۋەزىپە. بۇ جەھەتتە، 15- قۇرۇلتايدا بەزى بۆسۈش خاراكتېرلىك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 15- قۇرۇلتايدا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق تونۇش تەلەپ قىلىندى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك دۆلەت مۈلۈكچىلىكىگە باراۋەر ئەمەس، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىساد دۆلەت ئىلكىدىكى

ئىقتىساد ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئارىلاش مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىساد ئىچىدىكى دۆلەت ئىلكىدە بولغان تەركىب ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى تەركىبنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش دۆلەت مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش بىلەن باراۋەر ئەمەس، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ سالمىقى قانچە يۇقىرى بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىدىنمۇ دېرەك بەرمەيدۇ، كوللېكتىپ ئىقتىساد ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى، ئاساسلىقى، ئومۇمنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى مال-مۇلۇكنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مال-مۇلۇك ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىدا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق يېتەكچىلىك رولى، ئاساسلىقى، تىزگىنلەش كۈچىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇلىدىغانلا بولسا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ سالمىقى بىر ئاز ئازايتىلغان تەقدىردىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزملىق خاراكتېرىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىللاشتۇرۇلسا بولىدۇ ۋە ئۇنى كۆپ خىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدىغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى تىرىشىپ ئىزدەپ تېپىش كېرەك، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرى ۋە تەشكىلىي شەكىللەردىن دادىل پايدىلىنىشقا بولىدۇ. پاي تۈزۈمى بىر خىل كاپىتال توپلاش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كاپىتالىزم پايدىلانسىمۇ، سوتسىيالىزم پايدىلانسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ پاينى تىزگىنلەش ھوقۇقىنىڭ كىمنىڭ قولىدا بولۇشىدا، ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل مۇلۇكچىلىكتىكى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئالاھىدە زۆرۈر. «3 كە پايدىلىق بولۇش»قا مۇۋاپىق كېلىدىغان جىمىكى مۇلۇكچىلىك شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بولىدۇ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۇقتىئىنەزەرنى پۈتكۈل دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنى ياخشىلاشقا قويۇپ، چوڭلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى جانلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنى ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «مۇلۇك ھوقۇقى ئايدىڭ، ھوقۇق-مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش» تەلىپىگە داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردا قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، ئىسلاھات بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، ئۆزگەرتىش بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىسلاھات داۋامىدا، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈمى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەدبىر بەلگىلەش، ئىجرا قىلىش ۋە نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تىزگىنلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدىغان، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتە، 15- قۇرۇلتايدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ

تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ دارامەت تەقسىماتىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىش. بۇ تەشەببۇس ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئۇنۇمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ئادىللىققا ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ۋە مەبلەغ توپلاپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامۇۋاپىق كىرىملەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ھەددىدىن زىيادە كىرىمنى تەڭشەپ، كىرىم تەقسىماتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كىرىم پەرقى يوزلىنىشنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكىتلەندى. 15- قۇرۇلتايدا يەنە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ ۋە خىللاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىشنى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، يېڭى كەسىپ ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، 3-كەسىپنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلۇشى ۋە ماسلاشقان ھالدا راۋاجلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان «چوڭ ھەم مۇكەممەل»، «كىچىك ھەم مۇكەممەل» بولۇشقا ئورۇنۇش ۋە نامۇۋاپىق ھالدا تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم. 15-قۇرۇلتايدا، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە ئۇدا راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى، سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەدبىر چىقىرىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 15- قۇرۇلتاينىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى جەھەتتىكى بۇ تەدبىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئۆتكەنكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بەزى چوڭ جەھەتلەردە ھاسىل قىلىنغان بۆسۈش، ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى چارە ۋە تەدبىرلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا زور يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. بىز ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

بىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەسىر ھالقىتىپ راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 15- قۇرۇلتايدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلىپ بېرىش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىن بولۇش. دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنى قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى تۈپ فاڭجېنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم بەلگىسى، دۆلەتنى ئۇزاققىچە ئامان قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەھەل ۋاقىت ئىچىدە، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، دېموكراتىك نازارەتچىلىك

مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى قوغداشتىن ئىبارەت. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئاساسلىقى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ «تۆت بولۇش» ئاساسىدىكى يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» فاڭجېنى ۋە «قوش ھەممە» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق، رادىئو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋىلىققا ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەنىيەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. 15- قۇرۇلتاينىڭ بۇ روھى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، سىياسىي دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتا غايەت زور رول ئويناش بىلەنلا قالماستىن بەلكى ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى يولغا قويۇپ، پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ غايەت زور رول ئوينايدۇ.

15 - قۇرۇلتايدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىشلىرىمىزنى 21- ئەسىرنى كۆزلەپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇشتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، 15-قۇرۇلتايدا پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ۋەزىپىسى ۋە لۇشيەنىگە ئاساسەن، تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان زور تەدبىر. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى بىر تۈرلۈك ئۇلۇغ قۇرۇلۇش سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ئالغا سىلجىتىش يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بىر چوڭ ئىجادىيىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى باشلاپ بەردى. يولداش جياڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى 3- ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك سىلجىتىش جەريانىدا، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنىمۇ داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ئىدىيە، تەشكىلىي، ئىستىل جەھەتلەردىن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ،پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئۈستۈنلۈكى، تەشكىلىي ئۈستۈنلۈكى ۋە ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىمىزنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەردىن تولۇق مۇستەھكەملەنگەن،ھەر خىل خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن - ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ تەدبىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، چىرىكلىشىشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، يېڭى قىياپەت ۋە قۇدرەتلىك ئۇيۇشقاقلىق ۋە جەڭگىۋارلىق بىلەن خەلقنى يېتەكلەپ يېڭى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەڭ تۈپ كاپالەت تەمىن ئەتتى.

پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىدا يەنە ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى قانداق كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ پۈتۈنلەي بىرلىككە كېلىشىنى ئورۇنداش، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى قانداق تونۇش ۋە مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى

تىنچ دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل تونۇشى ۋە تەشەببۇسلىرى قايتا تەكىتلەندى، ھەم ماركسىزمنىڭ پرىنسىپال مەيدانىدا چىڭ تۇرۇلدى، ھەم پارتىيىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى يۈكسەك جانلىقلىقى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بۇ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇشۇ ساھەلەردىكى كونكرېت تەتبىقلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىكى مەقسەت پارتىيىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىچكى-تاشقى مۇھىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

15- قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە بىر قاتار تەدبىرلەرگە باشتىن-ئاخىر دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ۋاقىت ئىچىدىكى خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش قۇرۇلتىيى، بىر قېتىملىق ئىتتىپاقلىق، غالىبىيەت قۇرۇلتىيى بولدى. بىز 15- قۇرۇلتاينىڭ توغرا تەدبىرنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ تەدبىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتايلى، تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

# ئىككىنچى لېكسىيە 20 - ئەسىردە جۇڭگو دۇچ كەلگەن ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى

1900 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان 100 يىل جۇڭگودا ئاسمان - زېمىننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان 100 يىل بولدى. بۇ 100 يىل ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەڭ زور تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، 20 - ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ قەدەم تاشلاش نۇقتىسىنى ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلىدىغانلا بولسا،كىشىلەر بۇ تاغنى تالقان، كۆلنى بوستان قىلىۋېتىدىغان غايەت زور ئۆزگىرىشتىن ھاياجانلانماي، 100 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەي ۋە ئۇنى خۇلاسىلىمەي تۇرالمايدۇ.

## 1. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىسى

1900 - يىل — 20 - ئەسىرنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى جۇڭگوغا نېمىنى ئېلىپ كەلدى؟ ئۇ،يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى ئۈمىدىنى ئەمەس، مىللەتنىڭ ئىنتايىن زور نومۇسىنى ئېلىپ كەلدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، ئىتالىيە ۋە ئاۋستىرىيە دۆلەتلىرىنىڭ ئارمىيىسىدىن تەركىب تاپقان سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىپ، شەھەر ئىچىدە 3 كۈنگىچە بۇلاڭچىلىق، تالان-تاراج قىلدى، ئوت قويۇپ كۆيدۈردى، قىرغىنچىلىق قىلدى. كېيىنكى يىلى بۇ سەككىز جاھانگىر دۆلەتكە ئىسپانىيە، بېلگىيە،گوللاندىيە قوشۇلۇپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ «شىنچۇ شەرتنامىسى»غا ئىمزا قويدۇردى. بۇ شەرتنامىدە، جۇڭگو 450 مىليون سەر كۆمۈش تۆلەم تۆلەيدۇ، ئۇنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 4 لى بولىدۇ، 39 يىلدا تۆلەپ بولىدۇ، دېرى بىلەن ئۆسۈمى 980 مىليون سەر كۆمۈش بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1904 - 1905 - يىللىرى ياپونىيە بىلەن روسىيە يەنە ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى ھوقۇق مەنپەئىتىنى تالىشىپ،

جۇڭگونىڭ زېمىنىدا ئۇرۇش قىلدى. 1905 - يىلى 9- ئايدا ياپونىيە مانجورىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالدى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر دائىرىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئايرىلىپ بولدى: ياپونىيە جەنۇبىي مانجورىيە، فۇجيەنگە ئىگە بولدى؛ روسىيە شىمالىي مانجورىيىنى ئىگىلىدى؛ گېرمانىيە سەندۇڭنى ئىشغال قىلدى؛ فرانسىيە گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، سىچۇەنگە ئىگە بولدى؛ ئەنگلىيە چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى، يۈننەن، شىزاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى قىلدى؛ ئامېرىكا «دەرۋازىنى ئېچىۋېتىش»نى تەرغىب قىلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئۆزىگە ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى... 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق بولدى.

1840 - يىلى، جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر كۆپ قېتىم جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى قوزغىغان ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ بىر قاتار تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلارغا ئىمزا قويدۇرغان ئىدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىدىن شىمال مىلىتارىستلىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگىچە جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭگوغا جەمئىي 1100 دىن ئارتۇق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىنى زورلاپ تاڭغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى 500 دىن ئارتۇق شەرتنامىگە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىمزا قويغان. جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۇرۇش ۋە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلار ئارقىلىق جۇڭگونىڭ كەڭ زېمىنىنى يۇتۇۋالدى، نۇرغۇن كۈمۈش پۇلنى قاقتى - سوقتى قىلىۋالدى، جۇڭگونىڭ بەزى شەھەرلىرىدە 30 غا يېقىن «كونسىيە» تەسىس قىلدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ۋە ئۇستىقۇرۇلمىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىدى. ئۇلار يەنە ئۆزى ئۈچۈن مۇلازىملىق قىلىدىغان دەللاللار سىنىپىنى يېقىپ يېتىشتۈردى. فېئودال ھۆكۈمرانلار بولسا، ھوقۇقتىن ئايرىلىپ ۋەتەنگە نومۇس كەلتۈرۈپ،جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جۇڭگو خەلقىنى دەھشەتلىك ئەزدى. جاھانگىر كۈچلەر بىلەن فېئودال دەللال كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، دۆلەت كۈندىن كۈنگە نامراتلاشتى ۋە زەئىپلەشتى، جەمئىيەتتە مالىمانچىلىق توختىماي بولۇپ تۇردى، مىللەتلەر ئېغىر بالايى - ئاپەتكە چۆمدى، خەلق ئاچ - يالىڭاچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىنقى زامانغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالدىغا: مىللىي مۇستەقىللىككە ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىش؛ دۆلەتنىڭ باي، قۇدرەتلىك بولۇشى ۋە خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە قويۇلدى. ھالبۇكى، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن ئىدىكى، ئاۋۋال مىللىي مۇستەقىللىك ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن دۆلەتنى باي، قۇدرەتلىك قىلىش ۋە خەلقنى ئورتاق بېيىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى.ئالدىنقى ۋەزىپە كېيىنكى ۋەزىپە ئۈچۈن توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، زۆرۈر ئالدىنقى شەرت ھازىرلاپ بېرەتتى. لېكىن، جاھانگىرلىك،فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ قاتتىق ئېزىشى شارائىتىدا، بۇ ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداش كېرەك؟ جۇڭگو خەلقى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە بۇ ھەقتە جاپالىق ئىزدەندى.

**2. دېھقانلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازلار سىنىپى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىغا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ**

جۇڭگو خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،مىللىي مۇستەقىللىك ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا سانسىزلىغان قېتىملاپ ئاجايىپ جاپالىق كۈرەشلەر ئېلىپ باردى. تارىخ ئۆز رىتى بويىچە دېھقانلار سىنىپى ۋە بۇرژۇئازلار سىنىپىنى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقاردى. نەتىجىسى قانداق بولدى؟ خۇڭ شيۇچۈەن رەھبەرلىك قىلغان تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار ئىنقىلابىنى ئىچكى - تاشقى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىرلىشىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى، كاڭ يۇۋېي رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپلا سەھنىدىن چېكىندى. ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭخۇا ئېلىنى يۈكسەلدۈرۈش شوئارىنى تۇۋلاپ،

جۇڭگودا تۇنجى قېتىم بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنخەي ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھلىق — مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تولۇق مەنىدىكى يېقىنقى زامان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنى باشلاپ، جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تاقاقنى ئېچىپ بەردى. لېكىن مىلىتارىست كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغان جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، جۇڭگو ئۇزاق مۇددەتلىك مىلىتارىستلار بۆلۈنمىچىلىكىغا چۈشۈپ قالدى.

1927 - يىلىدىن كېيىنكى جۇڭگودا ئاساسلىقى ئۈچ خىل سىياسىي كۈچ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇش لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: بىرىنچىسى ئاساسلىقى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنى ۋەكىل قىلغان سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئۇلار چوڭ پومېشچىك، چوڭ بۇرژۇئازلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويۇپ، جۇڭگونى داۋاملىق ھالدا يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق يولدا ماڭغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىككىنچىسى بەزى ئارىلىقتىكى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ رەھبەرلىرى ياكى ئارىلىقتىكى زاتلارنى ۋەكىل قىلغان سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئۇلار بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، جۇڭگونى كاپىتالىزمنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ماڭغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۈچىنچىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋەكىل قىلغان كەڭ خەلق ئاممىسى بولۇپ، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، جۇڭگونى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ ئۈچ خىل لايىھە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي ئەمەلىيىتى داۋامىدا قايتا - قايتا سىناپ كۆرۈلدى. نەتىجىسى قانداق بولدى؟ بىرىنچى خىل لايىھە جۇڭگو خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلاندى؛ ئىككىنچى خىل لايىھىنى جۇڭگو خەلقى ياقىلمايلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتىمۇ ئاقمايدىغان بولۇپ چىقتى، ئەسلىدىكى بۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ ماڭغاندىن باشقا، كۆپ ساندىكىلىرى ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىر سەپتە تۇردى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى؛ پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ لايىھىسىلا بارا- بارا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەقىقىي ھىمايە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

جۇڭگو نېمە ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا ماڭمىدى؟ بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس.

تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى بويىچە،ئەگەر چەتتىن كەلگەن كۈچنىڭ كاشىلىسى بولمىغان بولسا، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاپىتالىزمنىڭ ئۇندۇرمىلىرى ئاستا - ئاستا بىخلاپ چىقاتتى. لېكىن يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگودا كاشىلىسىز ئەھۋالدا ئۆز ئالدىغا كاپىتالىزمنىراۋاجلان- دۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، چەت ئەل كاپىتالىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىكى مەقسىتى ھەرگىز فېئوداللىق جۇڭگونى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان كاپىتالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى بۇ چوڭ دۆلەتنى ئۆزى خالىغانچە قول قىلالايدىغان يېرىم مۇستەملىكە ۋە قارام دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچىدىن، جۇڭگودىكى چوڭ بۇرژۇئازلار سىنىپى ۋە چوڭ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل، قالاق ھۆكۈمرانلىقى جۇڭگونىڭ ئۆز ئالدىغا راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىپ باي،قۇدرەتلىك بولۇش يولىغا مېڭىشىنى توسۇپ قويغان ئىدى. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگونىڭ مىللىي بۇرژۇئازىيىسى جاھانگىرلىكنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراتتى، لېكىن ئۇنىڭ زەئىپلىكى ۋە تەۋرىنىشچانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى خالىمايتتى ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايتتى.

تارىخنىڭ يەكۈنى شۇ بولدىكى، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا، جۇڭگو ئىنقىلابى قەيسەر رەھبەرلىكنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج، ھالبۇكى، دېھقانلار سىنىپى ۋە

بۇرژۇئازلار سىنىپى، جۈملىدىن جوڭگونىڭ يېقىنقى زامان دەۋرىدىكى ئىنقىلاب تارىخىدا رەھبەرلىك قىلغۇچى بولغان گومىنداڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ،يېڭى سىنىپ، يېڭى ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولۇشى شەرت. 1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، دەل جۇڭگو ئىنقىلابى تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى.

**3. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك رەھبىرىي كۈچ**

جاھانگىرلىكنىڭ ئەجنەبىي توپ، زەمبىرەكلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ غەربتىن ئۆگىنىش خام خىيالىنى بۇزۇپ تاشلىغان چاغدا، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگو خەلقىگە يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. «4 - ماي» ھەرىكىتى ئارقىلىق، ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى ئۆزئارا بىرلىشىپ، 1921 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى روشەن ھالدا كوممۇنىزمنى ئۆزىنىڭ كۈرەش نىشانى قىلىپ بەلگىلەپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش، ئېزىلىش ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ بەخت- سائادەتلىك بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىسلىسىز جاپا - مۇشەققەتلىك، ئېگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىش مۇساپىسىنى باشلىۋەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قانلىق كۈرەشلەرنىڭ سىناقلىرى داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك رەھبىرىي كۈچكە ئايلاندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپلا جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ،ئىشچى - دېھقانلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ ھەمدە گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. 1927 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «12 - ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغاندىن كېيىن، يولداش ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دۈشمەننىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى ئالدىدا ئىنقىلاب بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلق ئارمىيىسىنى قۇرۇپ، ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلىپ، يەر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش يولىنى باشلىۋەتتى. دۈشمەننىڭ غالجىرلارچە «قورشاپ يوقىتىش» ۋە ۋاڭ مىڭنىڭ «سول» چىل تەۋەككۈلچىلىك خاتالىقى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ئىنقىلابى بىر مەھەل قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ ئاچچىقچىلىق پەيتتە، پارتىيىنىڭ زۇنيى يىغىنىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيە ۋە پارتىيە مەركىزى كومىتېتىدىكى رەھبەرلىك ئورنى تىكلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ نىشانى ئوڭشالدى. پارتىيە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيە 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، مۆجىزە ياراتقان ھالدا ئىنقىلابنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى. ياپون جاھانگىرلىكى كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ھايات - ماماتلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقان چاغدا، پارتىيىمىز ھەممىدىن ئاۋۋال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ،

مىللىي ھەققانىيەتنى ئۇلۇغلىتىپ، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىقىنى ئاساس قىلغان،ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەڭ مىللىي بىرلىكسەپنى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. پارتىيىمىز ۋە پارتىيىمىزنىڭ قوراللىق كۈچلىرى سەككىز يىللىق قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشىدا تۈۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىدى. جۇڭگو خەلقى ئاخىرى يېقىنقى زامان دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ - كېسەل غەلىبىسىنى تۇنجى قېتىم قولغا كەلتۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتلىك، تەرەققىيات بىلەن ئەكسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەقدىر، ئىككى ئىستىقبالنى تاللاشقا دۇچ كەلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، كومپارتىيە ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچلىق، دېموكراتىيە تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئاشكارا ھالدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. پارتىيىمىز جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ كەڭ كۆلەملىك ئازادلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ،

جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1949- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. مىللىي مۇستەقىللىق ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى ئورتاق بېيىتىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇندالدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1956- يىلى 9 - ئايدا، پارتىيىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىدا: «نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ تارىخىغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلدى، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم دۆلىتىمىزدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلدى» دەپ رەسمىي جاكارلاندى. بۇ، جۇڭگودا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان خەلق ئىنقىلابىنىڭ زور غەلىبىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ۋە مىللىي ئازادلىقنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە زور غەلىبىسى.

تارىخنىڭ يەكۈنى شۇ بولدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك رەھبىرىي كۈچ. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ مىللىي مۇستەقىللىق، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

**4. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى باشلاپ بەردى**

سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، يولداش ماۋزېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1- ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشلاپ، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە خىزمىتىدە يېتەكچىلىك خاتالىقى جەھەتتە ئېغىر سەۋەنلىك كۆرۈلۈپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئىككى قېتىملىق ئېغىر خاتالىق يۈز بەردى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىيەتكە يۈزلەندى، ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل بولدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتتىن قۇتۇلۇش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى خۇلاسىلەپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزلىنىپ، جۇڭگودىكى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن پىكىر يۈرگۈزۈپ، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يېڭى پىلان تۈزۈش زۆرۈر بولدى. بۇ زور تارىخىي پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، مول سىياسىي تەجرىبىسى ۋە يۇقىرى رەھبەرلىك سەنئىتى بىلەن، تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار ئىچىدىن ھەل قىلغۇچ ھالقىنى تۇتۇپ، ئىشنى ئىدىيىۋى لۇشيەننى توغرىلاشتىن باشلاپ قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس سالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىنى باشلاپ بەردى. شۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسىغا ئايلاندى. يېڭى دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىلەن بىرلىكتە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى زور تارىخىي تۆھپە ياراتتى: بىرى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئىلمىي سىستېمىسىغا ئىلمىي باھا بەردى؛ يەنە بىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھات،

ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ بەردى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىشتىن ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھاتقا، يېزا ئىسلاھاتىدىن شەھەر ئىسلاھاتىغا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، دېڭىز بويلىرىدا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇشتىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئۆتۈپ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت تەڭ تۇتۇلۇپ، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۈستۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلدى. سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودا نامايەن قىلغان جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى خەلقى ئالەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»تىن ئىبارەت ئىلمىي ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، 100 يىللىق نومۇسنىڭ دەردىنى تويغىچە تارتقان شياڭگاڭ بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

14 - قۇرۇلتايدىن 15 - قۇرۇلتايغىچە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە،پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 14 - قۇرۇلتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل تۇردە تەڭ تۇتۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە بەلگىلەپ بەرگەن «ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىش»تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنىڭ 2 - قەدىمىدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا مۇددەتتىن ئىلگىرى يەتتۇق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ،يېقىنقى زامان دەۋرىدىن بۇيانقى جۇڭگودىكى 2- تارىخىي ۋەزىپە - مىللەتنى يۈكسەلدۈرۈش،دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ.

## ئۈچىنچى لېكسىيە ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېڭى قەدەم تاشلاش

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان،ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئالدىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي پۇرسەتمۇ، ئىنتايىن ئېغىر دەۋر خىرىسىمۇ تۇرماقتا. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 15 - قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا ئىشلىرىمىزنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئەسىر ئالمىشىدىغان تارىخىي پەيتتە، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش، كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش لازىملىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى. دېمەك، خىرىسنى كۆتۈۋېلىپ، ھەممە پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولساق، ئىشلىرىمىزنى 21 - ئەسىرنى

نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتالايمىز.

ئەسىر ئالمىشىدىغان تارىخىي پەيتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھازىردىن باشلاپ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلغىچە بولغان مەزگىل ــ ئېلىمىز 3 ـ باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. مۇشۇ مەزگىلدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى داۋاملىق، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ــ راۋاجلاندۇرالماسلىق ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا 3 ـ باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا ئوڭۇشلۇق يېتىش ـ يېتەلمەسلىكى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا قۇرۇلمىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا پۇرسەتنى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشىمىز ۋە تۇتۇشىمىز كېرەك.

يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز شەرتكى، (1) خەلقئارا رىقابەت كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. زامانىمىزدىكى خەلقئارا رىقابەت، ئاساسەن، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت. بۇ رىقابەتتە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا جەھەتلەردىكى پەرقى بىزگە ناھايىتى چوڭ بېسىم بولۇۋاتىدۇ. بىز رىقابەتتە نىسپىي ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتىمىز. (2) زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىي ھېلىمۇ مەۋجۇت. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ھېلىمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاس تەپەككۇر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر جەھەتتىن توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. (3) مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلار تۇرۇپتۇ، ئالايلۇق، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە تېخى تولۇق ئۆتۈپ بولالمىدۇق، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە تېخى ئەمدى تۇتۇش قىلىۋاتىمىز؛ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدىغانلىقى، نوپۇسنىڭ كۆپ بولۇشى، ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقى، بايلىقنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش مىقدارىنىڭ ئازلىقىغا ئوخشاش دۆلەت ئەھۋالى ئىقتىسادنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا يەنىلا زور بېسىم بولۇۋاتىدۇ ۋە باشقىلار.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تارىخىي پۇرسەتلەرنىمۇ تولۇق مۆلچەرلىشىمىز لازىم. خەلقئارا مىقياسىدىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەكىللەنگەن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ۋەزىيىتى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. دۇنيا قۇرۇلمىسى كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا يۈزلىنىش ۋە ئۇچۇرنىڭ تورلىشىش ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە روشەنلەشمەكتە، دۆلەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشماقتا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان، لېكىن\يەنە بىر ـ بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ھەمكارلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىك خەلقئارا تىنچ مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتىشىمىز، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بار. ئىككىنچىدىن، دۇنيا مىقياسىدىكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشى يۇقىرى پەن- تېخنىكىلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭداۋاملىق يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولماقتا. شەرقىي ئاسىيا رايونى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىدە ئەڭ جانلىق رايون بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ

جانلىنىشى ۋە داۋاملىق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، مۇشۇ رايوننىڭ دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشقىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى چەت ئەللەردىكى جۇڭگولۇقلارنى دۆلىتىمىزگە مەبلەغ سېلىشقا،دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوللاشقا ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا كۈچلۈك جەلپ قىلىپلا قالماي، باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىگىمۇ ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردە يېڭى پەللىگە چىقىشى، 3 - باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشكە پايدىلىق تاشقى شارائىت يارىتىپ بەردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئازكەم 20 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز خېلى كۆرۈنەرلىك دۆلەت كۈچى ئاساسىنى يارىتىپ، مۇشۇ مەزگىلدە دۇنيا بويىچە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز، ئەڭ جانلىق بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئىقتىسادىمىزنىڭ ئومۇمىي مىقدارى تېز ئېشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار تەلىپىگە سەل قارىلىپ كەلگەن غەيرى كەسىپ قۇرۇلمىسىنىمۇ تەڭشىۋالدۇق. خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى تېز ئۆستى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا بازاردىكى ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى يىلدىن - يىلغا كۈچىيىپ كەلدى. ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەدرىجىي ياخشىلىنىۋاتقان تۈزۈلمە شارائىتى يارىتىپ بەردى، كۈندىن- كۈنگە كېڭىيىۋاتقان بازار تەلىپى ۋە مەبلەغ مەنبەسىنى ئېچىپ بەردى، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئىجادىي كۈچى تېخىمۇ جارى بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىز ئىقتىسادى تېز كېڭىيىپ يېتىلىۋاتقان باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، مەبلەغ سېلىشقا بولغان يۇقىرى تەلەپ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بولماقتا. مەملىكىتىمىزنىڭ 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئىچكى بازىرى ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەۋزەل ئۈستۈنلۈكى، شەھەر، يېزا-بازارلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور بولغانلىقى، سانائەتنى كەڭ ئىچكى بازار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە كىرىمنىڭ تېز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئائىلىلەرنىڭ بانكا ئامانىتى سىجىل ئېشىپ، دۆلىتىمىز خەلق ئامانىتىنىڭ نىسبىتى دۇنيا بويىچە يۇقىرى بولغان دۆلەتلەردىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، پارتىيىمىز يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق توغرىلىقى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى تىكلىدى،بۇ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىزدە قۇدرەتلىك نەزەرىيىۋى قورال. بۇلار بۈگۈن ھازىرلانغان، ئىلگىرى ھازىرلانمىغان ياكى تولۇق ھازىرلانمىغان شارائىت، ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان ناھايىتى ياخشى تارىخىي پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىلدە، بىز پايدىلانساق بولىدىغان زىددىيەتلەر مەۋجۇت، بىزگە پايدىلىق شارائىت مەۋجۇت، بىز تۇتساق بولىدىغان پۇرسەتلەر ناھايىتى كۆپ. گەپ مۇشۇ زىددىيەتلەردىن قانداق پايدىلىنىش، مۇشۇ پۇرسەتلەرنى قانداق تۇتۇشتا. پۇرسەتمۇ باشقا ھەرقانداق شەيئىگە ئوخشاش ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە. كىشىلەر پۇرسەت بىلەن خىرىسنى دائىم مېتال پۇلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشىتىدۇ، تۇتالىساق پۇرسەت بولىدۇ، تۇتالمىساق خىرىس بولىدۇ. تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، پارتىيىمىز پۇرسەتنى تۇتالىغان چاغلىرىدا ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولغان، تۇتالمىغان چاغلىرىدا ئىشلىرىمىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئالايلۇق،دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە «سول» چىل دوگماچىلىق پارتىيىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، دوگماچىلار ماركسىزم كىتابلىرىدىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلدى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئۆلۈك ئىجرا قىلدى، ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمىدى، تەھلىل قىلمىدى ۋە تەتقىق قىلمىدى، يەنە كېلىپ توغرا پىكىرلەرنى ئاڭلىمىدى، پارتىيە ئىچىدىكى باشقىچە پىكىردە بولغان يولداشلارغا شەپقەتسىزلىك بىلەن زەربە بەردى، شۇڭا ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەي،بولۇپمۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىتىشنىڭ ياخشى پۇرسەتلىرىنى تۇتالماي،جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ماۋزېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى باشتىلا ماركسىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزمنى جانلىق تەدبىقلاپ، ئىنقىلابنىڭ يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش، ھاكىمىيەتنى قوراللىق تارتىۋېلىش يولىنى تېپىپ، چوڭ - چوڭ تارىخي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ،ئاخىرى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە سوتسىيالىستىك ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن مۇھىم تارىخي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكىمىز ۋە بەزى خەلقئارا ئامىللارنىڭ كاشىلىسى سەۋەبلىك نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، قارىغۇلارچە ئىلگىرىلەشتەك «سول» چىللىق خاتالىقلىرىنى ئۆتكۈزدۇق، ئاخىرى بېرىپ ئون يىل داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دەك ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان خاتالىق سادىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىلىق پەيتى قولدىن كېتىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دەخلى يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2 - ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى خەلق ئىگىلىكىنىڭ خارابلاشقان ئەھۋالىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ «سول»چىللىق كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاشنى جىددىي تەلەپ قىلىدىغان ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كەسكىن ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخي تەجرىبىلىرى بىزگە پۇرسەتنى تۇتۇش - تۇتالماسلىقنىڭ ئەزەلدىن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى يەنە ئىنتايىن مۇھىم مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلگىرىكى تارىخي تەجرىبىلەرنى تەدبىقلاپ، ھەر جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، كۈچىمىزنى توپلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. پۇرسەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى 21 - ئەسىرگە نىشانلاپ ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 15 - قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك، ھازىر پۈتۈن پارتىيە چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ئاگاھ بولۇپ، ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى تارىخي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى قەدەم تاشلىشى لازىم.

ئۇنداق بولسا، ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى تارىخي پۇرسەتنى قانداق قىلغاندا چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىدىغانلا بولساق نىشانىمىزدىن ئادىشىپ قالمايمىز، قىڭغىر يولغا كىرىپ قالمايمىز. ھەرقانداق قىيىنچىلىق، ھەرقانداق خەۋپ - خەتەر ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمايمىز. چۈنكى ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرغىنىمىزدىمۇ ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغىنىمىزغا ئوخشاش زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىشىمىز، ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىشىمىز، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ،

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى 15 - قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا، كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋرىي قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش،ھەرقايسى تەرەپلەرنى بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى. دېمەك ئەسىرئالمىشىش مەزگىلىدە ئىسلاھاتنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا «يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش» جەھەتتىن كۈچىشىمىز، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا «داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش» جەھەتتىن كۈچىشىمىز، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا «ھەقىقىي كۈچەيتىش» جەھەتتىن كۈچىشىمىزلازىم. بۇ بىزدىن ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ تېخىمۇ يۈرەكلىكرەك بولۇپ، قەدەمنى يەنىمۇ ئىتتىكرەك تاشلاپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى رىۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەشكىلىي شەكىلدىن دادىل پايدىلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا دادىل سىناق قىلىشىمىز، دادىل بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىمىزگە پايدىلىق ياخشى پۇرسەتلەرلەرنى قولدىن بېرىپ قويماي تۇتالايمىز؛ ماركسىزمنى تونجۇقتۇرۇپ قويماي، راۋاجلاندۇرالايمىز؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويماي پۇختا قەدەم بىلەن يۈكسەلدۈرەلەيمىز. ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى پۇرسەتنى ماھىرلىق بىلەن تۇتالايدىغان، ئىگىلىيەلەيدىغان ۋە پۇرسەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنالايدىغان قىلىشىمىز لازىم. ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە پۇرسەتنى تۇتۇپ،ئىشلىرىمىزنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئالغا سىلجىتىش- سىلجىتالماسلىقنىڭ ئاچقۇچى يەنىلا پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە، پۇرسەت دېگىنىمىز ئالدىمىزدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەي تۇرىدىغان پايدىلىق شارائىت ياكى پايدىلىق ۋەزىيەتنى ئەمەس،بەلكى بىر خىل پەيتنى، ئالدىمىزدىن غىپپىدە ئۆتۈپ كېتىدىغان پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەستايىدىل تەھلىل قىلمايدىغان ۋە ئىگىلىمەيدىغان، مەھكەم تۇتمايدىغان بولساق،پۇرسەت قولدىن چىقىپ كېتىدۇ - دە، تەرەققىياتنىڭ پايدىلىق پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. پۇرسەت كەلگەندە ئىلمىي تەھلىل قىلالىساق، پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرالايمىز، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تېز ئاشۇرالايمىز. ئالايلۇق، تېز يۈكسىلىۋاتقان يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ مۇھىم پۇرسىتى. بۇ پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلانساق، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان رىقابەتتە كېيىن تەرەققىي قىلغانلىقنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئارقىدىن ئالدىغا ئۆتۈپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېلىمىز بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى خېلى تېز كىچىكلىتەلەيمىز. بۇ پۇرسەتنى ۋاقتىدا تۇتمىساق، جەزمەن دەۋر ئېقىمىنىڭ كەينىدە قالىمىز.شۇڭا پۇرسەت كېلىپ ئىشىگىمىزنى چېكىدۇ، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرساق بولمايدۇ، ھەربىر پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوغلىشىمىز، تىرىشىپ تۇتۇشىمىز ۋە ئۇلاردىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئىسلاھات، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. تەرەققىيات - مەقسەت، ئىسلاھات - تۈرتكە، مۇقىملىق - ئالدىنقى شەرت. بۇ ئۈچى ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، ھەم بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا، نىشانغا ئوڭۇشلۇق يېتىشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. بىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان بولساق، ھېچقايسىسىنى تۇتالماي قالىمىز - دە، ياخشى

پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، ئومۇمىيەتنى ياخشى ئىگىلىيەلمەي قالىمىز.

ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە تۇرۇپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا بارغاندا، دۆلىتىمىزنى باي، يۈكسەك دېموكراتىك، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىك قىلىشىغا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋېلىشمۇ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىشمۇ يارىمايدۇ. دادىل يول ئېچىپ، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگەندىلا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، پۇرسەتنى تۇتۇپ، دادىل يول ئېچىپ، ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىگەندىلا، ئالدىدىكى مىسلىسىز تارىخىي پەيتنى ئىگىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، يېڭى ئەسىرگە كىرەلەيمىز.

# تۆتىنچى لېكسىيە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى» دېگەن ئۇقۇم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەكىللەنگەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دەپ رەسمىي نام بېرىلدى ھەم بۇ نەزەرىيە پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ بايرىقى سۈپىتىدە قارارغا ۋە پارتىيە نىزامنامىسىغا يېزىپ كىرگۈزۈلدى، بۇ 15 - قۇرۇلتاينىڭ بىر چوڭ تەدبىرى شۇنداقلا بىر ئۇلۇغ تۆھپىسى بولۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ماڭىدىغان ئېنىق ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئەڭ تۈپ مەسىلە، بۇ تەدبىرنىڭ مۇھىم، چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، يولداش جياڭ زېمىن تەلەپ قىلغاندەك، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**1. بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش - پارتىيىمىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈن.**

يولداش ماۋزېدۇڭ مەسلەك بەئەينى بايراققا ئوخشايدۇ، دېگەنىدى. يولداش جياڭ زېمىن، بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر، دېدى. بۇ ھۆكۈملەر ئىنتايىن مۇپەسسەل ھۆكۈملەردۇر. يول باشلايدىغان بايراق توغرا بولمىسا، يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالىدىغان گەپ. قانداق مەسلەكنى كۆتۈرۈپ چىقىش، قانداق نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىش، قانداق بايراق بىلەن يول باشلاش - پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پارتىيىنىڭ ئوبرازى، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈپ مەسىلە.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇيان، جۇڭخۇا مىللىتى خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، دۆلەت نامراتلىشىپ جۇڭگو خەلقى چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى، تاشقى جەھەتتە بوزەك قىلىنىشقا، ئىچكى جەھەتتە زۇلۇمغا ئۇچرىدى، بۇ، مەسلەكنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن بولدى، فېئودالىزمنىڭ بىر نېمىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتكە ماسلىشالماي، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇن بولدى. سان - ساناقسىز ئىرادىلىك زاتلار دۆلەتنى كۈلپەتتىن، قېرىنداشلارنى ئازاب- ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن ئايانمىغان بولسىمۇ، بايراق ئېنىق بولمىغانلىقتىن، سەپ بولۇپ ئۇيۇشالماي، كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالماي، كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ

چىقىش يولىنى تاپالمىغانلىقى، تۈپ ئاساسەن ئېيتقاندا، قاراڭغۇدا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بايراقنى تاپالمىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋاسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى دېموكراتىك ئىنقىلابنى باشلاپ، بۇرژۇئا دېموكراتىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن شىخەي ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق ئىستىبدات تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. لېكىن بۇ ئىنقىلابمۇ يەنىلا مەغلۇپ بولدى. جۇڭخۇا مىللىتى ئەمدىلا كۆرگەن ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات نۇرى تېزلىكتىلا چەت ئەل جاھانگىرلىرى قوللىغان فېئوداللىزمنى تىرىلدۈرۈش كۈچلىرى تەرىپىدىن يوققا چىقىرىلدى، جۇڭگو خەلقى يېڭىۋاشتىن جاھانگىرلىك ۋە فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ كونا دېموكراتىزم نەزەرىيىسى بايرىقىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى ـ تاشقى ئەھۋالغا ماس كەلمىدى، جۇڭگو خەلقىنى قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشىش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىغا يېتەكلىيەلمىدى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىنلا، جۇڭگودىكى ئىلغار ئەربابلار ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭلا جۇڭگو ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئۇلۇغ بايراق ئىكەنلىكىنى تونۇشقا باشلىدى. ئۇلار مۇشۇ بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلغان پرولېتارىيات پارتىيىسىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو زېمىنىدا پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھەقىقىي ئازادلىق ئىشلىرى باشلاندى، جۇڭگو خەلقى ھاياتلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۈمىد نۇرىنى ھەقىقىي كۆردى.

جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ئىلغارلىرى ماركسىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مەغلۇبىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى ئۈستىدە كۆپ قېتىم ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىملىقىنى، شۇندىلا ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە باپ كېلىدىغان ھەقىقەت ۋە غالىب ئىدىيىۋى قورال بولالايدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دەل مۇشۇنداق بىرلەشتۈرۈش، تەتبىقلاش، «سول»چىل ۋە ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا قارشى كۈرەشلەر داۋامىدا، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، جۇڭگوچە ماركسىزم ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 7 ـ قۇرۇلتىيىدا بۇ ئىدىيە سىستېمىسى رەسمىي ھالدا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى دەپ ئاتالدى ھەمدە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، جۇڭگو ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بايراق قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى بىلىشىدىكى بىر سەكرەش، شۇنداقلا ماركسىزم توغرىسىدىكى بىلىشىدىكى بىر سەكرەش بولدى. 7 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىنى توسالغۇسىز ئىلگىرىلىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تېز كېڭەيتىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىچكى ـ تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنى تارمار قىلىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىغا مۇھىم ئاساس سالالىغانلىقىمىزدىكى سەۋەب شۇ بولدىكى، پارتىيىمىز ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، سوتسىيالىزم دۇنيا مىقياسىدا جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلدى. جۇڭگودا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرالماي قالدۇق. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەك سەۋەنلىك كۆرۈلگەندىن كېيىن، بەزى كىشىلەر سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادىدىن تەۋرەندى. بولۇپمۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى،

90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ياۋروپادا كۆرۈلگەن جىددىي ئۆزگىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى سوتسىيالىزم جۇڭگودا داۋاملىشالارمۇ ۋە راۋاجلىنالارمۇ دېگەن سوئالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر قىسىم دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك جۇڭگومۇ ئۆزۈنغا قالماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش يىمىرىلىپ كېتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى، تارىخ ئىلگىرىلەپ 90 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەندىمۇ، جۇڭگودىكى سوتسىيالىزم ھالاك بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن،دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمىنىڭ ئەكسىچە زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. سوتسىيالىزم جۇڭگودا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تۈپ سەۋەبى شۇكى، پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2 - ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە دائىر تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، ئېلىمىز ھېلىمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇشۇ باسقۇچقا مۇۋاپىق كېلىدىغان «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ۋە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى يولغا قويدى ھەمدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۈردى. بۇ نەزەرىيىۋى بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىدىيىدە مىسلىسىز ئازادلىققا ئېرىشتى. «سول»چىل ۋە ئوڭچىللىقنىڭ كاشىلىلىرىنى يېڭىش داۋامىدا سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇردى ۋە سوتسىيالىزمنى ئۆزگەرتكەن ئەھۋالغا لايىقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى ۋە راۋاجلاندۇردى، نەتىجىدە خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلاندى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى كىشلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرمىگەن بولسا، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلمىغان بولسا، جۇڭگودا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك راۋاجلىنالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھازىرقى ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، بىزنىڭ سوتسىيالىزمىمىز جىددىي خىرىسقىمۇ، تارىخىي پۇرسەتكىمۇ دۇچ كەلمەكتە. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش- تۇتالماسلىقىمىز، خىرىس ئالدىدا يېڭىلىپ قالماي غەلىبە قازىنىش - قازىنالماسلىقىمىزدىكى تۈپ مەسىلە بىزنىڭ قانداق بايراق كۆتۈرۈشىمىزگە باغلىق. دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا بىزگە دىققەت قىلىپ، بىزنىڭ نېمىنى تاللايدىغانلىقىمىزغا كۆز تىكتى. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە رېئال ئەھۋال بىزگە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، بىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان بايراق. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا ئېنىق كۆرسىتىلگەندەك، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە ئەسىر ھالقىش سەپىرىدە، چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈن ئەنە شۇ.

**زامانىمىزدىكى جۇڭگودا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ.**

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. پارتىيە

مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىشنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى بەلگىلىدى. بۇنداق قىلىش ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى چەتكە قاقمايدۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش بىلەن زىت ئەمەس. ماركسىزم پرولېتارىيات ئىنقىلابى توغرىسىدىكى پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىختىكى بارلىق ئىلمىي تەلىماتلارغا ئوخشاش، ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا تۇرىدىغان يېپيېق ئىدىيىۋى سىستېما بولماستىن، بەلكى ئوچۇق، راۋاجلىنىدىغان، ئەمەلىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ راۋاجلىنىدىغان نەزەرىيە. ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغان، ماركسىزمچە مەيدان، نۇقتىنەزەر، ئۇسۇلنى تەتبىقلاپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغاندا، يېڭى ئىدىيە بارلىققا كېلىدۇ، يېڭى نەزەرىيە شەكىللىنىدۇ، بۇ ماركسىزمنى ئىنكار قىلىش بولماستىن، ماركسىزمنى بېيىتقانلىق ۋە راۋاجلاندۇرغانلىق بولىدۇ، ماركسىزمنىڭ ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى بولماستىن، ماركسىزمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزارتىلىشى بولىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى جەريانىدا ئىككى قېتىم چوڭ تارىخىي سەكرىش بولدى. بىر قېتىملىقى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۆرۈلدى، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشى بولدى، ئەمەلىيەت نەتىجىسى يېڭى دېموكراتىزمنىڭ غەلىبە قىلىش ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بولدى. يەنە بىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان يېڭى دەۋردە كۆرۈلدى.بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشى بولدى،ئەمەلىيەت نەتىجىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئالغا سىلجىتىلگەنلىكى بولدى. خۇددى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ماركسىزم -لېنىنىزم ئىنكار قىلىنماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بېيىتىلگان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغىنىغا ئوخشاش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقمۇ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلمايلا قالماستىن بەلكى ئۇنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى؛ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزمنى تاشلاپ قويۇلماي، بەلكى ئۇنىڭبايرىقى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تاشلاپ قويماي، بەلكى ئۇنىڭدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى - پرولېتارىيات ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەملىكەتتىكى، ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتىكى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچى، بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي سىستېما. ماركسىزم ماركس، ئېنگېلسلار ياشىغان دەۋردىكى ئەمەلىيەتتىن ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈلگەن ھەم كېيىنكى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. لېنىنىزم-ماركسىزمنى روسىيە ئىنقىلابى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇ، ماركسىزمنىڭ دۇنياۋى، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور راۋاجى.ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىمۇ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىمۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئۇ، ماركسىزمنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدىكى ئىككى تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، ماركسىزم بىلەن تومۇرداش.

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى - ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى خەلق ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا

شارائىت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى، جۇڭگوچە ماركسىزم، ماركسىزمنىڭ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش دەۋرلىرىدىكى ئىجادىي راۋاجى. 15- قۇرۇلتايدا كۆرسىتىلگەندەك، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش دەۋرلىرىدىكى ماركسىزم نەزەرىيىسى. بۇ نەزەرىيە — جۇڭگونىڭ يولداش ماۋزېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى پېشقەدەم كوممۇنىستلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى،ئۇنى ئاساسەن يولداش ماۋزېدۇڭ ئىجاد قىلغان ۋە راۋاجلاندۇرغان. يولداش ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش يولىدىكى كۈرەشلەر جەريانىدا «سول» چىل ۋە ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ئۇسۇلىنى تەتبىقلاپ، ئىنقىلابئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ روسىيە ئىنقىلابىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارنى، جۇڭگوچە ئىنقىلاب يولىنى ۋە بىر قاتار ئۆزگىچە نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگودەك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە قالاق ئەلدىكى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ئوبيېكتى، رەھبىرىي كۈچى، تايىنىدىغان ۋە ئىتتىپاقلىشىدىغان كۈچى، ئىنقىلابنىڭ قەدەم - باسقۇچى، ئىنقىلابنىڭ يولى ۋە شەكلى، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئۆتۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەردە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجادىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىش مەزگىلىدە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ ئالىي مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇ ئىلگىرى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ئىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مەزگىلىدىكى ماركسىزملىق نەزەرىيە. ئۇمۇ ئوخشاشلا كوللېكتىپ ئەقىل- پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، لېكىن ئۇنى ئاساسەن دېڭ شياۋپىڭ بەرپا قىلغان. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە تاۋلانغان ۋە سىناقتىن ئۆتكەن مول تەجرىبىلىك يولداشلار دېڭ شياۋپىڭ نۇرغۇن پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا ئوخشاش، ئۆز ئەمەلىيىتىئارقىلىق ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بەرپا قىلىش ۋە شەكىللەندۈرۈش جەريانىدا مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى ئوبدان بىلەتتى.ئۇ جۇڭگو سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋردە ماركسىزم لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىجابىي رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دەپ نام بېرىلگەن. نەزەرىيە ئەنە شۇ.بۇ نەزەرىيىدە ھەم ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇلغان، ھەم ماركسىزم راۋاجلاندۇرۇلغان. بۇنىڭغا ھەم ماركسىزم تامغىسى بېسىلغان، ھەم ئۇنىڭدا دەۋر ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ نەزەرىيە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا ئايلاندى. بۇ نەزەرىيە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت جەۋھىرىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلدى،ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماركسىزمنىڭ ئايرىم يەكۈنلىرى ۋە سۆز - ئىبارىلىرى بىلەن ئۆزىنى چۈشەپ قويمىدى. بۇ نەزەرىيە ھازىرقى ئەھۋالنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋال ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن مۇۋاپىق كەلمەس بولۇپ قالغان نەرسىلەرنى ۋە ئەسلىدىلا ماركسىزمغا تېڭىلغان ناتوغرا نەرسىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىپ، ئىلگىرى ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان نەزەرىيىۋى قاراش ۋە نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەرنى

ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ھازىرقى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئىلمىي نەزەرىيىنى شەكىللەندۈرۈپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى؛ بۇ نەزەرىيە ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟» دېگەن تۈپ نەزەرىيە مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش» دەپ كۆرسەتتى، نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس،تەڭ تەقسىماتچىلىقمۇ سوتسىيالىزم ئەمەس، ئورتاق بېيىش بىرلا ۋاقىتتا تەڭ بېيىش ئەمەس، سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكى بىر - بىرى بىلەن زىت ئەمەس،ئېلىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوخشاش ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىي ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈردى؛ بۇ نەزەرىيە دۇنيانى ماركسىزمچە كەڭ نەزەر بىلەن كۆزىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھازىرقى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىي خەلقئارا ۋەزىيەتنى، دۇنيادىكى باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى - مەغلۇبىيىتى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىش داۋامىدىكى نەتىجە - سەۋەنلىكى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە زىددىيەتلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، زامانىمىزنىڭ تېمىسى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات بولۇپ قالدى، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، كەلگۈسىدىكى دۇنيا كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا بولىدۇ، خەلقئارا ئىقتىسادىي، سىياسىي يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش خەلقئارا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا، خەلقئارا تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق يېڭى ئىلمىي ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. قىسقىسى، بۇ نەزەرىيىدە ئېلىمىزنىڭ ئاز كەم 20 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە سەۋەنلىك كۆرۈلۈشكە دائىر تارىخىي تەجرىبىلىرىنى، خەلقئارا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا جۇڭگودەك ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىر قەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، جۈملىدىن جۇڭگودىكى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات باسقۇچى، تۈپ ۋەزىپىسى، تەرەققىيات تۈرتكىسى، تاشقى شارائىتى، سىياسىي كاپالىتى، ئىستراتېگىيىلىك قەدەم باسقۇچى، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە تايىنىدىغان كۈچ شۇنىڭدەك ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئوخشاش بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىر قەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ئىلمىي سىستېما شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ سىستېمىغا پەلسەپە، سىياسىي، ئىقتىساد،ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق تارماق پەنلەر سىڭدۈرۈلگەن، ئۇ ئىقتىساد، سىياسىي، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، بىرلىك سەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدا ماركسىزمغا ۋارىسلىق قىلىندى ۋە ئۇ يېڭىلاندى، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇلدى ھەم راۋاجلاندۇرۇلدى. بۇ سىستېما ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى سۈپىتىدە، ھەقلىق يوسۇندا، پارتىيىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشقا تېگىشلىك. يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك، زامانىمىزدىكى جۇڭگودا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۆزى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزى ماركسىزم - لېنىنىزم، مۇزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ.

**3. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئۈچۈن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى بۇ نەزەرىيىنى تەتبىقلاپ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا قويۇش كېرەك.**

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشتىن مەقسەت، مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت، دەپ تەكىتلەندى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئوخشاش، ئەمەلىيەتنى مەنبە قىلىپ، مۇستەھكەم ئەمەلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى ھۆكۈم ھەم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ھەم ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئۇل تېشى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دېگىنىمىز تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان باسقۇچ. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن تارتىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغانغىچە بولغان مەزگىلگىچە بولغان مەزگىلنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەسلەپكى باسقۇچقا ياتىدۇ.

بۇ باسقۇچنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى ـ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىلغان، سوتسىيالىزم خاراكتېرىنى ئالغان جەمئىيەت؛ بۇ جەمئىيەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ماركسىزم ئىدېئولوگىيىسى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن بۇ سوتسىيالىزم دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزمدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تېخى بىر قەدەر تۆۋەن، ئىجتىمائىي، ماددىي ئەشيالار مول ئەمەس، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس، پەن ـ تېخنىكا يەنىلا خېلى قالاق، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ئېڭىنى يەنە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نوپۇس كۆپ، ئاساس ئاجىز، يەنە كېلىپ خەلقئارا كۈچلۈك بېسىم ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئىچكى ـ تاشقى شارائىتتا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا خېلى ئۇزاق باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ باسقۇچ ئاز دېگەندە كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سوزۇلۇشى، 100 يىلدەك ۋاقىتنى كەچۈرۈشى مۇمكىن. مانا بۇ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەڭ زور ئەمەلىي ئەھۋالى، بۇ ھازىرقى جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسى. ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى، باشتىن داۋاملىشىش ـ داۋاملاشالماسلىقى، مۇستەھكەملىنىش ـ مۇستەھكەملەنمەسلىكى ۋە راۋاجلىنىش ـ راۋاجلىنالماسلىقى مۇشۇ ئەمەلىيەتنى توغرا تونۇش ـ تونۇيالماسلىقىمىز، ئىگىلەش ـ ئىگىلىيەلمەسلىكىمىزگە، مۇشۇ ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا تونۇش ـ تونۇيالماسلىقىمىز، ھەل قىلىش ـ قىلالماسلىقىمىزغا باغلىق. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە مۇنداق ياكى ئۇنداق ئېغىشلار كۆرۈلدى، تارىخىي باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىدىغان بەزى ئۇسۇللار قوللىنىلدى، بۇ دەسلەپكى باسقۇچ ئەمەلىيىتىنى توغرا تونۇمىغانلىق ۋە ئىگىلىمىگەنلىكتىن بولغان ئىش؛ كېيىنكى چاغلاردىمۇ بەزىلەر غەربنىڭكىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشنى، پۈتۈنلەي غەربلىشىشنى، كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلدى، تونۇش مەنبەسىدىن ئالغاندا، بۇمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى توغرا ئىگىلىمىگەنلىكتىن بولغان ئىش. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ئەھۋالنى توغرا تونۇش، ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش ئاساسىغا قۇرۇلغان، دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، دەسلەپكى باسقۇچتا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى قانداق تونۇش ۋە ھەل قىلىش

ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن نەزەرىيە سىستېمىسى، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىغا باشقا دۆلەتلەردىكى سوتسىيالىزمنىڭغەلىبە قىلىشى ۋە زەئىپلىشىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا دائىر تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، «سول» چىل ۋە ئوڭچىللىقنىڭ توسالغۇلىرىنى يېڭىش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان نەزەرىيىۋى سىستېما، شۇڭا ئۇ ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان نەزەرىيە، خەلقىمىزنىڭ ئىسلاھات،ئېچىۋېتىش جەريانىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، زامانىمىزدىكى جۇڭگودا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىلا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلالايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ماركسىزمنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويىدىغان،ماركسىزمنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، ماركسىزمنى ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋالنى تەنقىد قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىمۇ، «ئېگىز كۆتۈرۈش»نى ئېغىزدىلا دەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكىئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنمەيدىغان ۋە تەتقىق قىلمايدىغان، بۇ نەزەرىيىنى ئىسلاھات،ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشىمىز ۋە بۇنداق ئەھۋالنى تۈگىتىشىمىز لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 15 - قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ئىدىيىمىزنى مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆرۈلگەن خىلمۇ خىل مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ھەل قىلىشىمىز لازىم.

11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 14 - قۇرۇلتايدىن بۇيان «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ نەشىر قىلىنىشىغا ۋە «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش پروگراممىسى»نىڭ تارقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ھەم ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بەزى يولداشلىرىمىزدا «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى بىر نەچچە قېتىم ئۆگەندۇق، يەنە ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش تەكىتلەنسە، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىپ كېتەلىشى تەس بولارمىكىن، دەيدىغان تەسىرات پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا جەزمەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش، بۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ. ئىلگىرىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئاساسىدا ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، يولداش جياڭ زېمىننىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا سۆزلىگەن تەزىيە نۇتقىدا تەكىتلىگەن ئۈچ «چوقۇم»نى ۋە يېقىندا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان سۆزى، 15 - قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتنىڭ روھىنى دەۋر قىلغان ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا،تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

1. پۈتۈن سىستېما جەھەتتىن داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت جەۋھەرنى داۋاملىق

چىڭ تۇتۇپ، بىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەممىدىن مۇھىم تۈپ نەزەرىيە مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان ھالدا پۈتۈن گەۋدە جەھەتتىن چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، تەشۋىق قىلىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەر، ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيە، ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىجادىي روھنى، بولۇپمۇ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشتىكى تۈپ مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەش لازىم.

2. تارماق پەنلەر سىستېمىسى جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە مۇھىم ساھە ۋە تارماق پەنلەرنى ھەربىر ساھە، ھەربىر تارماق پەن بويىچە چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش،تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

3. چوڭ - چوڭ ئىدىيە، نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مۇھىم ئىدىيە، نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىدىكى مەيدان،نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، چوڭ-چوڭ ھەق - ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىتىپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ۋە سىياسىي مەيداننى قەتئىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېنلارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم.

4. ئەمەلىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە تۈرلۈك خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىدىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئىرادىنى چىڭىتىدىغان ۋە روھنى ئۇرغۇتىدىغان غايەت زور رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى خىزمەت تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشتە سەۋەنلىك كۆرۈلۈشتىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ساقلىنىپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن بۇ يىلقى «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە مۇزاكىرىگە قاتناشقاندا، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يۈكسىلىۋاتىدۇ، دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئاز ئەمەس، ئۇلارنى پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەرنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ پائال تەتقىق قىلىشىغا ۋە ھەل قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىمىزنى ئەمەلىيەت جەريانىدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى ئەمەلىيەتتىن تېپىشىمىز لازىم. ئەمەلىي مەسىلىلەرنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى توغرا مەيدان ۋە ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق ھەل قىلىش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى قىلىنىشى كېرەك.

5. «ئۈچ قاراش» قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش. پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە ۋە كادىرلارنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پارتىيىلىك كادىرلاردىكى غايە، ئېتىقاد، ئىدىيە، ئەخلاق، روھ، ئىستىل قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولۇش

لازىم.

6. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش. جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3 - ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ ۋە ئىلمىي يىغىنچاقلاپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.بۇ تۆھپە جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نۇرغۇن مۇھىم سۆزلىرى، ماقالىلىرى، دوكلاتلىرىدا، پارتىيە مەركىزىيكومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرى، تەدبىرلىرى، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدا تولۇق ئىپادىلەندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ - چوڭ تەدبىرلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى يېتەكچى قىلىنغان، نۆۋەتتىكى يېڭى ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ۋە مەركەزنىڭ تەدبىرلىرى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن، بولۇپمۇ 15 - قۇرۇلتايغا بېرىلگەن دوكلاتنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىئىزچىللاشتۇرۇشقا ياخشى جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىپ، نەزەرىيىۋى بايان، ئىلمىي چۈشەنچە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىيكومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەشتە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق پۇختا يېتەكچىلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى.

## بەشىنچى لېكسىيە ئېلىمىز تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچنى تولۇق تونۇش كېرەك

يولداش جياڭ زېمىن 15- قۇرۇلتايغا بەرگەن سىياسىي دوكلاتتا، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى. ئۇ: جۇڭگو ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ ھەمدە كېيىنمۇ ئۇزاققىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات جەريانىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك يىغىنچاقلاپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ۋە بۇ زىددىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ۋەزىپىسىنى بايان قىلىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىرىنچى مۇھىم مەسىلە بولۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي، توغرا لۇشيەن ۋە سىياسەتتۈزۈش، ئىجرا قىلىشنىڭ تۈپ ئاساسىي.

**1. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات جەريانى.**

ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى توغرا تونۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىرىنچى مۇھىم مەسىلە. تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنىڭ توغرا بولۇش بولماسلىقى سوتسىيالىستىك ئەمەلىيەتنىڭ توغرا لۇشيەنىنى بويلاپ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىش - قىلالماسلىقىنى بەلگىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە بۇ مەسىلە ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان.

1875- يىلى، ماركس «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە، كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا، يەنى «بىرىنچى باسقۇچ» ۋە «يۇقىرى باسقۇچ»قا بۆلىنىدۇ، دەپ ئېنىق شەرھلىگەنىدى.

ئەينى چاغدا، ماركس، ئېنگېلسنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى كاپىتالىزم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تولۇق تەرەققىياتىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىنىڭ زادى قانچە تەرەققىيات باسقۇچىغا ئايرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بايان قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، كەلگۈسى جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا ئادەتتىكىدەكلا نامايان قىلالايتتى. لېنىن روسىيىنىڭ كاپىتالىزم تېخى تەرەققىي قىلمىغان، ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تونۇپ يېتىپ، پۈتكۈل كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان جەريان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىدە، «كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى»نى ئېنىق قىلىپ سوتسىيالىزم دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «سوتسىيالىزم» دېگەن بۇ سۆز كەلگۈسى جەمئىيەتتە خاس مەنىگە ئىگە بولغان. لېنىننىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە «دەسلەپكى شەكىلدىكى سوتسىيالىزم»، «تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزم» دېگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملار قوللىنىلغان. بۇ لېنىننىڭمۇ سوتسىيالىزمنى باسقۇچلارغا بۆلۈش ئىدىيىسى خېلى ئايدىڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭمۇ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سوتسىيالىزمنى تەرەققىي تاپمىغان ۋە بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى «ئورنىتىش» بىلەن «قۇرۇپ چىقىش» دېگەن سۆزنى پەرقلەندۈرۈپ، «ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەمدىلا ئورنىتىلدى، تېخى قۇرۇپ چىقىلمىدى، مۇستەھكەملەنمىدى»، دەپ كۆرسەتكەن. لېنىن، ماۋزېدۇڭلارنىڭ سوتسىيالىزمنى باسقۇچلارغا بۆلۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ،دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشىدا مۇھىم بېشارەت بېرىش رولىنى ئوينىدى.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىز سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى دەل 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا يېڭىۋاشتىن تىكلەنگەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندىن كەلگەن، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتىن كەلگەن. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇرۇلۇش مەسىلىسىدە قايتا باش كۆتۈرگەن ئالدىراقسانلىق خاھىشىغا قارىتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جىددىي ھالدا: ئاساسىمىز ئاجىز، نوپۇسىمىز كۆپ، ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتى دېھقان، بۇ ئەمەلىي ئەھۋال قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»دا: بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ»، «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز بىر قەدەر مۇكەممەل بولماسلىقتىن بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇشقا

ئۆتتۇشتە مۇقەررەر بىر ئۇزاق جەرياننى باشتىن كەچۈرىدۇ»، دەپ تۇنجى قېتىم يېزىلدى. پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن سىياسىي دوكلاتتا «ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتى يەنىلا دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ» ھەمدە «ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تېخى تەرەققىي تاپمىغانلىقى» بۇ باسقۇچنىڭ تۇپ خۇسۇسىيىتى بولىدۇ، دەپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلەندى. 1986-يىلى، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدا قارار»دا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «ئېلىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى رىقابىتىنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋردە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق بېيىش نىشانى ئاستىدا بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىشقا رىغبەتلەندۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. تونۇش جەھەتتىكى بۇ زور ئىلگىرىلەشلەر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك رول ئوينىدى.

پاتىيە 13-قۇرۇلتىيىدا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى مەسىلىسى بىرىنچى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىندى. 13-قۇرۇلتايدا «ئېلىمىز ھازىر تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچنى توغرا تونۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىرىنچى مۇھىم مەسىلە، توغرا لۇشيەن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشىمىز ۋە ئىجرا قىلىشىمىزنىڭ تۇپ ئاساسى»، دەپ چوڭقۇر كۆرسىتىلدى. ھەمدە ئۇ نەزەرىيە تىكلەشنىڭ ئاساسىي قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي پروگراممىسى سىستېمىلىق شەكىللەندۈرۈلدى ۋە شەرھلەندى. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىندى. 20 يىلغا يېقىن ئەمەلىيەت ئارقىلىق، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، تېخىمۇ ئەتراپلىق بولدى. شۇڭا، 15-قۇرۇلتايغا بېرىلگەن سىياسىي دوكلاتتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانى يەنىمۇ يىغىنچاقلىنىپ، توققۇز نۇقتا نىشان قىلىنغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۇپ ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1. بۇ باسقۇچ، تەرەققىي قىلمىغان ھالەتتىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان باسقۇچ. بۇ ئومۇمىي يىغىنچاقلىما.

2. بۇ باسقۇچ، يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن، ئاساسلىقى قول ئەمگىكىگە تايىنىلىدىغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتىنى پەيدىنپەي يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن باشقا ئاھالە كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانائەتلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

3. بۇ باسقۇچ، ناتۇرال ئىگىلىك، يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئىگىلىكنى پەيدىنپەي بازارلىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىگىلىككە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

4. بۇ باسقۇچ، ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىز ئاھالە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان ھالەتنى پەيدىنپەي پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ھالەتكە ئۆزگەرتىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

5. بۇ باسقۇچ، نامرات ئاھالە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ھالەتنى پەيدىنپەي پۈتكۈل خەلق بىر قەدەر باياشاتلاشقان ھالەتكە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

6. بۇ باسقۇچ، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى تولىمۇ تەكشىسىز بولغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، بەزىلىرىنى ئاۋۋال، بەزىلىرىنى كېيىن

تەرەققىي تاپقۇزۇش ئارقىلىق پەرق تەدرىجىي كىچىكلىتىلىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

7. بۇ باسقۇچ، ئىسلاھات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈلمە ھەم باشقا جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە بەرپا قىلىنىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

8. بۇ باسقۇچ، كەڭ خەلق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈكۈلمەس ئىرادە بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننى تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈپ، ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىرىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت بارپا قىلىدىغان تارىخىي باسقۇچ.

9. بۇ باسقۇچ، دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيە بىلەن بولغان پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، سوتسىيالىزم ئاساسىدا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ. بۇمۇ ئومۇمىي يىغىنچاقلىما.

15ـقۇرۇلتايدا بېرىلگەن سىياسىي دوكلاتتىكى بۇ توققۇز تۈرلۈك يىغىنچاقلىما ۋە باياندا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ قانداق دەسلەپكى باسقۇچ ئىكەنلىكى بۇ باسقۇچتا بىز ئۆستىمىزگە ئالىدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەزىپىلەر ئېنىقمۇ سىستېمىلىق، ئېنىقمۇ ئەتراپلىق سۈرەتلەپ بېرىلدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى ئېنىقمۇ ئوبيېكتىپ، ئېنىقمۇ توغرا تونۇشىغا، توغرا ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىش يۆنىلىشى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

**2. 15ـقۇرۇلتايدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسىنىڭ زور ئەھمىيىتى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

پارتىيە 11ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3ـئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقاردى. ئازكەم 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا بۇ ھۆكۈمنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلاندى. پارتىيە 15ـقۇرۇلتىيىدا بۇ مەسىلە نېمە ئۈچۈن قايتىدىن تەكىتلىنىدۇ؟ يولداش جياڭ زېمىن دوكلاتتا ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكىتلەيمىز، چۈنكى، بىز ئىسلاھاتنى ئاتاكا قىلىدىغان ۋە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغان مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، خىلمۇخىل گۇمانلارنى تۈگىتىپ، باشقا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويماي، ھازىرقى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش شەرتلىكىنىڭ سەۋەبىنى تونۇپ يېتىشىمىز، بۇنىڭدا يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى بىردەك تونۇش ۋە توغرا ئىگىلەشنىڭ ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم». بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا نىسبەتەن بىردەك تونۇشقا كېلىشكە، ئۇنى توغرا ئىگىلەشكە، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىغاندا ۋە لۇشيەن تۈزگەندە ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىمىزدىن چەتلىمەسلىككە يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇلدى. ھازىر بىز نېمە ئۈچۈن قانداقتۇر باشقا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويماي، 11ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3ـئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويىمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىمىز بەلگىلىگەن. ئۇنداقتا، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى قانداق؟

بىرىنچى، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلدى. نەچچە ئون يىللىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ ھەرقانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدىغان ئوبيېكتىپ پاكىت. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان، تەرەققىيات ئېغىر دەرىجىدە تەكشىسىز بولۇش

ھالىتى تۆپتىن ئۆزگەرتىلگىنى يوق؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈم تېخى مۇكەممەللەشمىدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تېخى پىششىق يېتىلمىدى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تېخى دېگەندەك ساغلاملاشمىدى، فېئودالىزم، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشقا خاس ئادەت كۈچىنىڭ كەڭ تەسىرى جەمئىيەتتە يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇ بىز تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى.

ئىككىنچى، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئاساسىدا، كاپىتالىزمنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش تارىخىي باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا قەدەم تاشلىغان. بىزگە باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدەك، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن ۋارىسلىق قىلغۇدەك مول مىراس قېپقالمىغان. نوپۇسىمىز كۆپ، ئاساسىمىز ئاجىز، مانا بۇ جۇڭگونىڭ ئەڭ زور، ئەڭ ئاساسلىق دۆلەت ئەھۋالى. ماركس: «كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەركىن تاللىۋالالمايدۇ»، دېگەنىدى. بىزنىڭ ئىنتايىن ئاجىز بولغان ئىقتىسادىي ئاساس ئاساسىدىلا سوتسىيالىزم قۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى پارتىيىمىز ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىمىزنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكى مەسىلىسى ھەققىدە ئىلمىي تونۇش كەم بولغانلىقتىن، پارتىيە ئىچىدە «سول» چىل خاتالىق ئۇزاققىچە يامراپ كېتىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىت قولدىن كەتتى.

تۆتىنچى، جۇڭگونى دۇنيا دائىرىسىگە قويۇپ سېلىشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى بىر دۆلەت، بىر رايوننىڭ تەرەققىي تاپقان- تاپمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم تۇراقلىق، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. تىك لىنىيە بويىچە سېلىشتۇرغاندا، گەرچە بىز ھەقىقەتەن ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، ئەمما، دۇنيا تەرەققىي قىلماقتا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا ئالدىدا، ئېلىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يەنىلا دۇنيانىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ. مەيلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارى جەھەتتىن، ھەمدە تۇرلۇك ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش، تاۋارلىشىش سەۋىيىسى جەھەتتىن بولسۇن ئېلىمىزنى دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا ناھايىتى زور.

يۇقىرىدىكى بىر نەچچە نۇقتا، ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى يەنى تەرەققىي تاپمىغان سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ باسقۇچ خېلى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچ بولىدۇ. ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن بۇ ھۆكۈم ئىككى قەۋەت مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بىرى، ئېلىمىز جەمئىيىتى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت، بىز ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىمكى، ئۇنىڭدىن چەتلەشكە بولمايدۇ؛ يەنە بىرى، ئېلىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتى يەنىلا دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز بۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز لازىمكى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ھازىرقى كونكرېت تارىخىي شارائىتىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ كاپىتالىزمنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرمەي سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىق ئىنقىلاب تەرەققىياتى مەسىلىسىدىكى مېخانىزىزم، ئوڭچىل خاتالىقنىڭ تونۇش جەھەتتىكى مەنبەسى؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ غايەت زور تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكىلى بولىدۇ دەپ قاراش ئىنقىلاب تەرەققىياتى مەسىلىسىدىكى خىيالپەرەسلىك، «سول»چىل خاتالىقنىڭ تونۇش جەھەتتىكى مۇھىم مەنبەسى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، بىزدە سوتسىيالىزم

قۇرۇلۇشتا ئۇرغۇن زور سەۋەنلىكلەر كۆرۈلۈشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىمىزنى ئېنىق تونۇپ يېتەلمىدۇق، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىغان ھالدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى فاكچېن، سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئازكەم 20 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىز ھەممىدىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، باسقۇچتىن ھالقىپ كەتكەن خاتا ئۇقتىسىنەزەرلەر ۋە سىياسەتلەرگە خاتىمە بەردۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمدىن ۋازكېچىدىغان خاتا تەشەببۇسلارنى رەت قىلدۇق. ئەمەلىيەت بىزنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىمىزنىڭ سوتسىيالىزمدىن چەتلىمەيلا قالماي ئەكسىچە ئەستايىدىللىق بىلەن سوتسىيالىزم قۇرغانلىق، سوتسىيالىزمنى جۇڭگودا ھەقىقىي جانلاندۇرغانلىق ۋە روناق تاپقۇزغانلىقنى ئىسپاتلىدى، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتىدىن سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ ھىمايە قىلدى.

**3. دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشتا، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش كېرەك، بۇ دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسىنىڭ يادروسى.**

15-قۇرۇلتايغا بېرىلگەن دوكلاتتا: «بىزنىڭكىدەك چوڭ شەرق ئېلىدە، يېڭى دېموكراتىزم ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ غەلىبە. ئەمما دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن كۆپ ئارقىدا تۇراتتى، بۇ ھال سوتسىيالىزم شارائىتىدا خېلى ئۇزاق دەسلەپكى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈپ، سانائەتلىشىشنى ۋە ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، بازارلىشىشى، زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرتلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان تارىخىي باسقۇچتۇر»، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ يەردە ئىنتايىن مۇھىم بىر نەزەرىيىۋى مەسىلە، يەنى: ئىقتىسادىي بىرقەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە، سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا، زادى قانداق نەرسىلەردىن ھالقىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى، قانداق نەرسىلەردىن ھالقىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت ئاساسىدا كاپىتالىزمنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن ھالقىپ، يېڭى دېموكراتىزم ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم تاشلىغان، بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى، بۇ خىل ھالقىش جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش نەتىجىسى، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر شەخس، بىرەر پارتىيە سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە تاللىۋالغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ دۇنيا ۋە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ھەرقايسى سىنىپلار ۋە سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا 100 يىل داۋام قىلغان قايتا-قايتا كۈچ سىنىشىش بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان. يولداش ماۋزېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە جۇڭگونىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بۇ خىل ھالقىشنىڭ رېئال مۇمكىنچىلىكى ۋە تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى چوڭقۇر دەلىللەپ، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش جۇڭگو خەلقىنىڭ بىردىنبىر، چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تارىخىي پاكىت.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان باسقۇچ دېگىنىمىز - ئېلىمىزدە پرولېتارىيات گەرچە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان، سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنىلا دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن كۆپ ئارقىدا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 1917-يىلى لېنىن تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرغاندىن بۇيانقى تۇپتوغرا 80 يىل مابەينىدە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئەمما،

تارىخىي ئەمەلىيەت كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان بولسىمۇ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىش ھالىتىدىن قۇتۇلالمىغانلىق، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان ھەممە دۆلەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورتاق زىددىيەت. بۇمۇ تارىخىي پاكىت.

بۇ ئىككى تەرەپتىكى پاكىت كىشىلەرگە شۇنى چۈشەندۈردۈكى، جۇڭگو خەلقى پرولېتارىيات ئىنقىلابى داۋامىدا ئىلگىرى قانچىلىك قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي ئاخىرى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق، سوتسىيالىزم ساناۋەتلەشكەن، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىغا، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان ۋە تاۋارلاشقان تولۇق تەرەققىيات ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ، مۇشۇنداق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغاندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ، ھالبۇكى بۇنداق ئاساستىكى تەرەققىيات باسقۇچىغا يېتىش جەريانىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىش جەريانى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە ئىلىم - پەن تەجرىبە ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى، ھالبۇكى بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئامىللىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى پەيدىنپەي جۇغلانغان بولۇپ، بۇ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تاۋارلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى، ئېلىمىز ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. تاۋار ئىگىلىكىنى كاپىتالىزم بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەپ، كاپىتالىزمنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولىغان ئىكەن، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىنمۇ ھالقىپ كېتىشكە بولىدۇ دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر تامامەن خاتا، بۇ خىل خاتا تونۇش مۇقەررەر ھالدا ئېغىر ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرىكى 20 يىللىق سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ھەرقانداق بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق تارىخىي باسقۇچ ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەر كاپىتالىزم شارائىتىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان ساناۋەتلىشىش ۋە ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، تاۋارلىشىشى، زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش شەرتلىكىنى، سوتسىيالىزمغا خاس تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش شەرتلىكىنى بەلگىلىگەن. بىز دەل كاپىتالىزمنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىش تارىخىي باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنىڭ ھالقىپ كېتىشكە بولمايدىغان دەسلەپكى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز شەرت. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى.

**4. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە تۈپ ۋەزىپە.**

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت نېمە؟ پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى نېمە؟ بۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيىسىدىكى يادرولۇق مەسىلە. دوكلاتتا ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئاساس زىددىيەت تەلىماتى توغرىسىدىكى قائىدىلەرگە ئاساسەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ساقلىنىۋاتقان خىلمۇخىل زىددىيەتلەر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى: «دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خىلمۇخىل زىددىيەت مەۋجۇت. سىنىپىي زىددىيەت خەلقئارا ۋە ئىچكى ئامىللار تۈپەيلىدىن مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن خەلقنىڭ كۈندىن-

كۆنگە ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالدى، بۇ ئاساسىي زىددىيەت ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭگەن. بۇ ھال ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي قىلىشىمىز شەرتلىكىنى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇشىمىز ۋە خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ۋە خىزمەت مەركىزىنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ». بۇ يەردە ئىككى مۇھىم مەسىلە، يەنى: سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكى؛ بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. تەرەققىيات چىڭ قائىدە، جۇڭگودا بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈچى. سوتسىيالىزمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئاخىرىدا كوممۇنىزمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەملىكىتىمىزدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېخى تەرەققىي قىلمىغان ئەھۋالدا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۈنۈۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاش، زومىگەرلىك ۋە زومىگەرلىك سىياسىتىنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىكىنى قوغداش بىزدىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قەدىرلەپ، پۇرسەتتىن ئوبدان پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىقلا بولغان بارلىق نەرسىلەر خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سوتسىيالىزم تەلەپ قىلىدىغان ياكى يول قويىدىغان نەرسىلەردۇر؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز بولغان بارلىق نەرسىلەر خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ، سوتسىيالىزم يول قويمايدىغان نەرسىلەر. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ئىبارەت تارىخىي شارائىتتا، سوتسىيالىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىشىشنىڭ ئاساسىي قىلىش، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش»نى بارلىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك.

ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالنى قانداق تونۇش، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ۋە پارتىيىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى قانداق قىلىپ توغرا تەھلىل قىلىش مەسىلىسىدە پارتىيىمىز ناھايىتى ئۇزاق ئەگرى - توقايلىقلارنى ۋە كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئېلىمىزنىڭ زادى قانداق تارىخىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقى بىرەر شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت مەسىلىسى. ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، دۆلەت ئەھۋالنى ئوبيېكتىپ، ئەتراپلىق، سالماق ھالدا تەھلىل قىلىش كېرەك، ھەم ئۆمىدسىزلىنىپ، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، ھەم كاللا قىزىپ كېتىپ، بىر كېچىدىلا كوممۇنىزمغا ئاتلاپ كىرىشكە بولىدۇ، دەپ قاراشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە بۇ

دەۋردە ئورۇنداشقا تېگىشلىك جاپالىق تارىخىي ۋەزىپىلەرنى يېتەرلىك تونۇپ يەتمىگەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن ساقلانغۇسىز ھالدا ئەگرى - توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈردۇق، بەدەل تۆلىدۇق.

1956-يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ، ئېلىمىز سوتسىيالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە تارىخىدىكى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىنى بەلگە قىلغان ئۇلۇغ بۇرۇلۇشقىچە بولغان 22 يىللىق ۋاقىت، بىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەم قويغان، ئەمما ئۇنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىق ھالدا تونۇپ يەتمىگەن دەۋر ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە، بىز سوتسىيالىزم يولىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، يەنە غايەت زور ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ يولۇقتۇق. پارتىيە 8-قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا، ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ دېگەن كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىزم باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە ئاساسىي ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى تونۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئىدى. يىغىندا سىنىپىي كۈرەشنى يەنىلا داۋاملىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىمىز شەرتلىكى قەيت قىلىنغاندىن سىرت، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: «بىراق، دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت خەلقنىڭ ئىلغار سانائەت دۆلىتى قۇرۇشقا بولغان تەلىپى بىلەن يېزا ئىگىلىك دۆلىتىنىڭ رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، خەلقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا بولغان ئېھتىياجى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى. پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى ـ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، دۆلىتىمىزنى قالاق يېزا ئىگىلىكى دۆلىتىدىن ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئىلغار سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت»، دەپ كۆرسىتىلگەن.

8-قۇرۇلتايدا بايان قىلىنغان كۆزقاراشلار «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»دا تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. لېكىن، 1957-يىلى ياز پەسلىگە كەلگەندە، ئۇكچىلارغا قارشى كۈرەش ئېغىر ھالدا كېڭەيتىۋېتىلدى. بۇ نەزەرىيە ساھەسىدىمۇ پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت دەپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ ھۆكۈمدە 8-قۇرۇلتاينىڭ 1-يىغىنىنىڭ ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى دېگەن توغرا ھۆكۈم ئىنكار قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىشتىن ئىلگىرىكى دەۋر بىلەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىنكى دەۋر ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي پەرق يوققا چىقىرىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا يۈز بەرگەن بىر قاتار «سول» چىللىق خاتالىققا نەزەرىيىۋى ئاساس سېلىندى.

پارتىيە 8-قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدىن كېيىن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تۈتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتى قوزغىتىلدى. 1966-يىلى قوزغىتىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئون يىل داۋام قىلدى. خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە «سول» چىل خاتا لۇشيەن پارتىيە ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. «سول» چىل خاتالىقنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى تەسىرى شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە ئۇزاق داۋام قىلىشىدىكى بىر چوڭقۇر ساۋاق شۇ بولدىكى، ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى توغرا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىنمىدى، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت تۈزۈشتە، جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئاساس قىلىنماي، سۇبيېكتىپ ئارزۇ ئاساس قىلىندى، چەتئەللەرنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق ئەندىزىلىرى ئاساس قىلىندى، ماركسىزم ئەسەرلىرىدىكى ئايرىم ھۆكۈملەر ئۈستىدىكى دوگمىلارچە چۈشەنچە ۋە ماركسىزم نامىغا قوشۇپ قويۇلغان بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساس قىلىندى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئىلگىرىلەش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى يول شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردىكى، ماركسىزمغا مېتافىزىكا، دوگماتىزملىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ بارىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى

ئىسپاتلىدىكى، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش قىلالماسلىقى، لۇشيەنىنىڭ توغرا بولۇش، بولماسلىقى، پارتىيە ئىچىدىكى بەزى پرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، دۆلەت ئەھۋالىنى، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئاساس قىلىش - قىلماسلىققا باغلىق.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن نەزەرىيىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: جۇڭگودىكى سوتسىيالىزم دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان، دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم، «سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزى كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، ۋەھالەنكى بىزنىڭ جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىدە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئومۇمىي پىلاننى مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن تۈزۈش لازىم». («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3-توم، 521-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇپەسسەل بايانىدا بىزگە ئېلىمىزنىڭ تۇرۇۋاتقان تارىخىي ئورنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەم بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەم بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇم ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. تارىخنى ئەسلەپ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشلا بىزنى ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى تېخىمۇ روشەن تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىق مەسىلىسىگە بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق بىرلىككە كەلگەن تونۇشقا ئىگە قىلدى. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيە- دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئىگە قىلدى. بۇ نەزەرىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى. پۈتۈن پارتىيە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك، بۇ، پارتىيىمىز 12-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئەمەلىيەتتىن يەكۈنلەپ چىققان ئەڭ قىممەتلىك تەجرىبە بولۇپ، ئىشلىرىمىزنى غەلىبىسىرى ئالغا سۈرۈشىمىزنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. بىز چوقۇم مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بارلىق توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئالتىنچى لىكسىيە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسى

يولداش جياڭ زېمىن 15 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش لازىم. پارتىيە بەلگىلىگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانلىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ پروگرامما - دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ - ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى جارى قىلدۇرۇلۇشى، مۇشۇ يىللاردىن

بۇيانقى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى. بۇ ئاساسىي پروگراممىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانلىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلغان.**

ئىجتىمائىي ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئۆزئارا بىر-بىرىگە تايىنىدۇ، بىر- بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما بىر -بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنىڭ پەيدا بولۇشى، خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈستقۇرۇلمىمۇ ئىقتىسادىي بازىسقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، ئىقتىسادىي بازىسنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا باشتىن-ئاخىر زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ زىددىيەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئادەتتە ئانتاگونىيىسىز زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ـ ئىچكى قىسمىدىكى تەڭشەش ۋە ئىسلاھات ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىس ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى، ئىجتىمائىي ئۈستقۇرۇلما مەلۇم ئىقتىسادىي ئاساسقا قۇرۇلغان دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن تۈزۈملەر ۋە ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئاساسنى تەڭشەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئۈستقۇرۇلمىنى تەڭشەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي ئاساسنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇش لازىم. ئىقتىسادىي ئاساس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىملىقى، ئۇنىڭ بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزى، سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى، قالاقلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل. شۇڭا تېخىمۇ تېز بولغان تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇشى لازىم. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئېلىپ بارغاندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنى ئۆستۈرگىلى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگىلى، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئوبدان ئېلىپ بېرىلسا، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا،تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى تېخىمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئوبدان ئېلىپ بېرىلسا، مۇقىم سىياسىي مۇھىت يارىتىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشقا پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، مەدەنىيەت مەلۇم ماددىي ئاساسقا تايىنىپ پەيدا بولۇپ ۋە راۋاجلىنىپ، مەلۇم ماددىي شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات كۆلىمىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە قۇرۇلمىسىنى ھەمدە ئومۇملىشىش شەكلى ۋە دەرىجىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىزگىنلەيدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش ھەقىقىي كۈچەيتىلمىسە، جەمئىيەت تىنچ بولغان، ھۆكۈمەت پاك بولغان، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەيدىغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتىدىغان جانلىق، جۇشقۇن سىياسىي ۋەزىيەتتىن ئىبارەت بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى

بولمايدۇ. زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، كېلەچەككە يۈزلەنگەن، مىللىي، ئىلمىي ئاممىۋى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي سۈپىتىنى ۋە مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈش دېگەن سۆز بىر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش نىشانى يوققا چىقىدۇ.

سىياسەتمۇ، مەدەنىيەتمۇ ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادقا غايەت زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشقا پايدىلىق. دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىز سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى، سىياسىي ئىشلار دېموكراتىيە شەخسىي مۇستەبىتلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۇقرالار ۋە كارخانا تىپىدىكى قانۇن ئىگىلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرىدۇ. قانۇنچىلىق مۇكەممەللەشسە، ھۆكۈمەت، كارخانا، شەخسلەرنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلىشىپ، بۇ ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش ئىقتىدارى ئاشىدۇ. بازار مېخانىزمى مۇكەممەللىشىدۇ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى تېخىمۇ ئىلمىيلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، قانۇنچىلىق مۇكەممەللەشسە، جەمئىيەت تىنچ، ئىتتىپاق، ھۆكۈمەت پاك بولۇپ، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەپ، شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياخشى بولغان سىياسىي مۇھىت يارىتىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا ماركسىزمنى يېتەكچى «4 كە ئىگە» بولغان پۇقرالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تېخىمۇ يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش لازىم. نۆۋەتتە دۇنيادا پەن - تېخنىكا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلماقتا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت كەسكىن بولماقتا. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ۋەزىپىمىز تېخىمۇ مۇشكۇل بولماقتا. سىياسىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىردەك. سىياسىي مەدەنىيەتكە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە تەلەپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى سىياسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. سىياسىي قۇرۇلۇش ئوبدان تۇتۇلمىسا، ئىدىيىۋى - سىياسىي ساھەدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، كىشىلەر ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرايدۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە تەۋرىنىش كېلىپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكراتىيە قۇرۇلۇشى ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلمىسە «ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشى ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە كىرىدۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش -بارالماسلىق سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئوبدان ئېلىپ بېرىلمىسا، چىرىك ئىدىيىۋى مەدەنىيەت سىڭىپ كىرىپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى تەۋرىتىدۇ. سىياسىي قۇرۇلۇشىمىز يامان يولغا مېڭىپ قالىدۇ.

شۇڭا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك. بۇ ئۈچ جەھەتتىكى بەرپا قىلىشنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۈچەيتكەندىلا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى

سىلجىتقىلى بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، بۇ ئۈچ ئىش پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلغان.

**2. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پروگراممىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە قانات يېيىلىشىدۇر.**

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، ماركسىزمنىڭ زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىلا ھەل قىلالايدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن، پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويغان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانلىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە ئۇنىڭدا پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى گەۋدىلەندۇرگەن.

15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پروگراممىسى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ماركسىزم يېتەكچى، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تۈزۈلگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاساسىي نىشانى ۋە ئاساسىي سىياسىتى بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى دەل دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدۇر. 15 - قۇرۇلتايدا بېرىلگەن دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي تەلپى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى، ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى ئىدىيىۋى نەزەرىيىسى بىلەن تامامەن بىردەك.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى مول ھەم چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، مەسىلەن ئۇنىڭدا ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ ياخشى -يامان ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا «3 كە پايدىلىق بولۇش»نى ئۆلچەم قىلىش،سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جەھەتتە ئىسلاھاتمۇ ئىنقىلاب ئىكەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدىغانلىقى، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تاشقى شارائىتى مەسىلىسىدە تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىكەنلىكى، مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى دېپلوماتىيە سىياسىتىدە، ئىشكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ سىياسىي كاپالىتى جەھەتتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەكىتلەنگەن ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قەدەمى جەھەتتە، ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ مېڭىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛ سوتسىيالىزمنىڭ رەھبەرىي كۈچى ۋە تايانچ كۈچى جەھەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، كەڭ دېھقانلار، ئىشچىلار، زىيالىيلارغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تايىنىش، بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەر ئەڭ كەڭ بىرلىك

سېپىگە تايىنىش لازىملىقى تەكىتلەنگەن ۋە باشقىلار. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بۇ مەزمۇنلىرى 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پروگراممىدا تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسەت، «3 كە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچەم قىلىنىپ، مۈلۈكچىلىك، بازار ئىگىلىكى ۋە تەقسىمات تۈزۈمىگە دائىر بىر قاتار ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش نىشانلىرى شۇنداقلا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن، هالدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە ھەمكارلىققا ئاكتىپ قاتنىشىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان، سىياسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش، سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كۆرسىتىلگەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ خەلقنى تەربىيىلەپ پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى ۋە مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېيىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇش. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىدا «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانات يېيىلىشىدۇر.

**3. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى.**

11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۇلۇغ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبە ساۋاقلارنى توپلىدۇق. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش. بۇ ئىشنى قىلىشتا ھەم ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى شۇ پېتى قوبۇل قىلىۋالماي، ھەم چەت ئەلنىڭ ھەرقانداق ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈۋالماي، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىمىز لازىم. 15- قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پروگراممىسى، ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان ئورتاق تونۇش.

15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا، سوتسىيالىزم شارائىتىدا بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش تەكىتلەنگەن، بۇنىڭدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى، ئىقتىسادىي

تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق، مەسىلەن، مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىدە، ئىلگىرى نوقۇل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادلا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، ھەر خىل غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىقتىساد شەكلىنى يوقىتىش لازىم دەپ خاتا قارىغانىدۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقىرىپ، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىسادنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇنداق قىلىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. پاتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىساد بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم قىلىش تەلپىدە چىڭ تۇرۇلغان ۋە ئۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق تونۇش تەكىتلىنىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى، ئاساسەن تىزگىنلەش كۈچى جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتە، ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇلۇشىغا يول قويۇش، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كاپىتالى ۋە كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق. شۇڭا، 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى تەڭ ساقلاپ قېلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىش جەھەتتە، 15 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇش» لازىم دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇ مۇھىم تەجرىبە ساۋاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىلگىرى دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا نۇرغۇن ئەگرى يولغا ماڭدۇق. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى يېتەرلىك بولمىغان ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، قانۇننىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى، قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىياننى كىشىلەر چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، دېموكراتىيىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان بىر مۇھىم ۋەزىپە.

مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتىمۇ، بىز تەجرىبە ۋە ساۋاققا ئىگە. ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى. ئۆتكەن بىر مەزگىلدە بىز بۇنىڭغا سەل قارىغان، نەتىجىدە ئىدىيىدە قالايمىقانلىشىش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش يامراپ كەتتى، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلسا ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي كۈچ مەدىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# كەسپىي تىجارەت بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەڭ تۇتۇپ تەرەققىياتنى تېزلىتىش

لوپ ناھىيە جىيا يېزىلىق تەمىنات-سودا كوپېراتىپى ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، كەسپىي تىجارەت بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەڭ تۇتۇش ئارقىلىق، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ كوپېراتىپ تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىسلاھات نىشانى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئاساسەن، كەسپىي تىجارەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك تۈرلىرىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا مېڭىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈردى. نەتىجىدە، بۇ يىل 1-ئايدىن 10-ئايغا قەدەر بۇ كوپېراتىپنىڭ مال سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، پايدا 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %2.6 ئاشتى. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك كىرىمى 45 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %20 ئاشتى.

بۇ كوپېراتىپ يۇقىرىقى نەتىجىلەرگە ئاساسەن كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. 1995-يىلى ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئۆتكەن يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «ئاساسىي قاتلام تەمىنات-سودا كوپېراتىپ قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالاندى.

تۇرغۇن تاشتۆمۈر خەۋىرى ۋە فوتوسى



كوپېراتىپ مۇدىرى ھەبىبۇللا ئىمىن بوغالتىر ياسىنجان بىلەن تىجارەتنى جانلاندۇرۇش ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە.



گۈزەل مۇھىت يارىتىپ، مۇكەممەل تەرتىپ ئورنىتىپ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.







↑ بۇ كوپېراتىپ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئېڭىدىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر يىلى دېھقانلارنى 1200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 50 توننا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەيدۇ.

↗ جىيا يېزىسىدا توقۇلغان يەرلىك شايى-ئەتلەسلەرنىڭ خىللىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، ياپونىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بازىرى ئىتتىك مەھسۇلات بولۇپ قالدى.

→ بازارلىق مەھسۇلاتلار كۆپ، مۇلازىمەت ئەلا بولغاندىلا، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.



# لوپ ناھىيە جىيا يېزىلىق تەمىنات-
# سودا كوپېراتىپى كەسپىي تىجارەت
# بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىكنى تەڭ
# تۇتۇپ تەرەققىياتنى تېزلەتتى

ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش ـ كوپېراتىپ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنىڭ دائىملىق خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن.



باقمىچىلىق ئارقىلىق تېرىقچىلىقنى ئۆلگىرى سۈرگىلى، تېرىقچىلىق ئارقىلىق باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر بۇ كوپېراتىپنىڭ باقمىچىلىق بازىسىدا بېقىلىۋاتقان چارۋا ـ مال 150 تۇياققا، توخو، ئۆردەك 500 گە يەتتى.



بۇ كوپېراتىپ كەسپىي تىجارەتنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىر ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى 100 موغا، مېۋىلىك بېغى 200 موغا يەتتى.

新疆《西部先锋》维吾尔文版
باھاسى 2.45 يۈەن پوچتا نومۇرى: 830003 ۋەكالەت نومۇرى: 42 ـ 58